教 与 学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى




# ئېيىق بىلەن مولۇن

## Eyiq Bilen Molun 熊与狸猫



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社



خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ، ئىپسل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قالىدۇ - قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرىنى جارى قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسىلىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت ياللار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىنى تۈزۈپ پەرزەنتلىرىمىزگە سۇندۇق. بۇ كىتابچىلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن تەلەپچان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيەلىشىدىكى قابىل ياردەمچىسى، پەرزەنتلەرنىڭ ساپالىق يېتىلىشىدىكى سادىق دوستى بولۇپ قالغۇسى!

بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ئېيىق بىلەن مولۇن

# Eyiq Bilen Molun 熊与狸猫



www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童寓言
编　　者　碧利库特公司
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任编辑　克尤木·吐尔逊
设 计 师　艾尼瓦尔·土尔逊
书 法 家:　艾力夏提·艾孜孜
画　　家:　买合木提·吐尔尼亚孜
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830001
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐隆益达印务有限公司
开　　本　850×1168mm 1/32
印　　张　2.5
版　　次　2011年3月第1版
印　　次　2011年3月第1次印刷
定　　价　240元（共30种类、单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

مەسەللەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى زور دەرىجىدە تارتىپ كەلمەكتە. مەسەللەر ھەجمىنىڭ قىسقا، مېغىزلىق بولۇشى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن ناھايىتى توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر. خەلقىمىز قەدىمدىن بۇيان مەسەل ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياقارىشىنى ئىپادىلىگەن، ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتكە مەدھىيە ئوقۇغان، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىش، باشقىلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئىنسانىي خاراكتېرنى جارىي قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەسەللەرنىڭ ئىجابىي رولى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ ۋە تەڭداشسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا ئۆسمۈرلەر تۈرلۈك مەسەللەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ئاق - قارىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ھاياتنى قىزغىن سۆيۈپ، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى تۇرغۇزالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالىلارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مەسىلگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى خەلقىمىز ياراتقان مەسەل خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە تەربىيەلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن مەسەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيۋى ئەھمىيىتى زور بولغان مەسەللەر بولۇپ، تەلەپچان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى» ـــ مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر مەسەل مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا ـ قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ مەسەللەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تېما دائىرىسى كەڭ، ئىخچام ۋە مېغىزلىق؛ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى كىشىلىك دۇنيا، ھايات ھەققىدە نۇرغۇن بىلىمگە، توغرا قاراشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىشكە، ئىشلارنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامLIق تەربىيەلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

يامان خۇينىڭ ئاقىۋىتى ............ 1
لايغەزەل يىڭناغۇچ ............ 4
قەپەستىكى بۇلبۇل ............ 7
ئوتۇنچى بىلەن ئېيىق ............ 12
ئاق نىلۇپەر گۈلى ............ 16
ھەسەل ھەرىسىنىڭ خىسلىتى ............ 18
بىر تەشتەك ئەتىرگۈل ............ 20
قىزىلگۈل بىلەن يېشىللىق ............ 21
تىكەن بىلەن توپ ............ 22
مامكاپ ............ 24
ئەتىرگۈل بىلەن چۆپ ............ 26
گۈلنىڭ جاۋابى ............ 28
پىلەك ............ 30
ھالۋىپۇرۇش بىلەن دەرۋىش ............ 32
زالىم شىر بىلەن قارا قولاق ............ 35
زالىم ئوتۇنچى ............ 47
ھەقىقەت ............ 49
ئېيىق بىلەن مولۇن ............ 55

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈك ھالدا دوراش ........................ 59
خاتالىق ھامان پاش بولىدۇ ........................ 63
جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 65
يولۋاس بالىسى ........................ 67
بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس ........................ 73

# يامان خۇينىڭ ئاقىۋىتى

خەلقىمىز ئارىسىدا «يامان خۇي ئېزىقتۇرار» دېگەن ھېكمەت بار. ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە بۇ دۇنيادا نۇرغۇن قوۋم ۋە خەلق ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېسىل پەزىلەتلىك بىلەن جاھان ئەھلىنى تەسىرلەندۈرگەنلەرمۇ، يامان خۇيى ۋە رەزىل ئەلپازى بىلەن كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرىغانلارمۇ كۆرمىگىلاپ ئۆتكەن. ياخشى كىشىلەر بىلەن يامان كىشىلەرنى ھەرقانداق جەھەتتىن بولمىسۇن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز پەرزەنت تەربىيەسىدە ياخشىلىققا ئۈندەش، ياخشى خۇي يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش، يامان قىلىقلاردىن يىراق قېچىشقا ئۈندەشتەك تەربىيە ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

مۆھتەرەم بوۋاي مەسەللەر ئارىسىدا يامان خۇيلار تەنقىدلەنگەن، ياخشى خۇيلار مەدھىيەلەنگەن مەسەللەرنىڭمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، بۇلارنى توپلاپ ئەقىللىق نەۋرىسى بىلقۇتجانغا ئېيتىپ بەرسە، ئۇنىڭمۇ ھەقىقەتەن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— بوۋا، نەچچە كۈندىن بېرى زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ كۆپ بويى كىتابلار ئىچىدە كىتىرلاپلا يۈرىسىز، نېمىگىدۇر ئالدىرايسىز، ماڭا دەپ بېرىڭە ئوماق بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان بوگۈن ئەركىلەپ تۇرۇپ.

مۆھتەرەم بوۋاي ئاختۇرۇۋاتقان كىتابنى يېپىپ قويۇپ:

— نېمىگە ئالدىرايتتىم، سېنىڭ جېدىلىڭنى بېسىش ئۈچۈن بولمامدۇ! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن قانداق جېدەل قىلىپتىمەن؟

— سېنىڭ مۈشۈ نەچچە كۈن ئىچىدە مەسەل ئېيتىپ بەر، دەپ جېدەل قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، شۇڭا، ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

— بەك ئەقىللىق جومۇ سىز، بوۋا! — بىلقۇتجان خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى، — قارىسام بىرنەچچە كۈندىن بېرى جىمىپلا كەتتىڭىز، بوگۈن تېخى مۈشۈ جېدەلنى قىلاي دەپ كەلگەنىدىم...

مۆھتەرەم بوۋاي پەرزەنتىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولغان هالدا:

— جېنىم بالام، مەكتەپتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنسەن، قورسىقىڭنى ئازراق ئەستەرلىۋال، تەييارلىقىممۇ پۈتتى، ساڭا مەسەل سۆزلەپ بېرەي! — دېدى.

بىلقۇتجان ئارزۇسىنىڭ بۇنچە تېز ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايلا قالدى.

بىر دەمدىن كېيىن، ئۇلار كۆڭۈللۈك جەم بولدى.

— بۈگۈن ساڭا ئادەملەردىكى بەزىبىر يامان خۇيلار ۋە ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى تەسۋىرلەنگەن مەسەللەردىن سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئالدىنىئالا چۈشەنچە بېرىپ، — بۇ مەسەللەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى دەرھال ئادەملەرگە ۋە تۇرمۇشقا تەتبىقلاشنى ئۆگىنىۋال، شۇنداق قىلساڭ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەسەللەر سېنىڭ خاتا يولغا ماڭماسلىقىڭ ۋە توغرا يولدا مېڭىشىڭغا زور ياردەم بېرەلەيدۇ.

— ماقۇل، بوۋا، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي گېلىنى قىرىپ ئاۋازىنى سازلىۋالغاندىن كېيىن، ۋەزمىن ئاۋازدا مەسەل ئېيتىشقا باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# لايغەزەل يىڭناغوچ

لايغەزەل يىڭناغوچ ياز بويى ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە قىش يېقىنلىشىپ قاپتۇ.

ئېتىز ـ داللار چۆلسىرەپتۇ، ئىللىق ئاپتاپلىق چاغلار، ھەر بىر يوپۇرماقنىڭ ئاستىدا تەييار چۈشەك، تەييار تاماق بار كۈنلەر پۈتۈنلەي توگەپتۇ. قىش كەلگەندىن كېيىن يىڭناغوچ بىراقلا قىستاپ كەلگەن سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئەمدى پۈتۈنلەي ناخشا ئېيتماس بوپتۇ. ئۇ كۈن بويى غەمكىن يۈرىدىكەن، ئۆزىچە غىڭشىپمۇ قويىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوبدان چۈمۈلىجان، — دەپتۇ ئۇ، — مېنى پاناھىڭغا ئالساڭ. مەن بۇ يەردە تېزلا قۇۋۋەتلىنىپ قالاتتىم. ئەتىيازغا چىقىۋالغۇچە ماڭا ئىسسىق ماكان، ئوزۇق بېرىپ تۇرساڭ!

— بۇرادەر، مەن ساڭا بەك ھەيران، ئەجەبا، سەن قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتتىڭمۇ؟!

— يېشىل مەخمەلدەك چىمەنزارلىقلاردا سائەت ـ سائەتلەپ ناخشا ئېيتىپ، ئويناپ يېشىم ئايلىنىپ كەتكەندە، بۇ غەمنى قىلىشقا نەدە چولام دەيسەن؟

— ئەمىسە سەن...

ــ مەن يەنە ناخشامنى ئېيتىپ بېرەم يۇرۇۋېرىمەن.

ــ ناخشامنى ئېيتىپ...؟ پاھ، نېمىدېگەن قالتىس! ئۇنداق بولسا ھازىر يەنە تالاغا چىقىپ ناخشاڭنى ئېيتىپ، ئۇسسۇلۇڭنى ئويناپ يۈرۈۋەر!

بىلقۇتجان مەسەل توگىشى بىلەنلا:

ــ بوۋا، دېمەك، بۈگۈننىلا ئەمەس، ئەتىنىمۇ ئويلاپ ئىش قىلىش ئاقىلانىلىك ئىكەن، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى.

ــ مانا ـ مانا، بىردەمدىلا بۇ مەسەلىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋاپسەن! ــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئەقىللىق نەۋرىسىدىن پەخىرلىنىپ، ــ ئىنساننىڭ بۈگۈنى مەيلى شاد ـ خۇرام ياكى مەنىسىز ئۆتسۇن، ئۇ ھامان مەلۇم دەرىجىدە شۇ ئىنساننىڭ بۈگۈننى پىلانلىشى، بۈگۈن ئۈچۈن ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۈرەش قىلىشىغا باغلىق ئىش. ئىشلارنى پىلانسىز قىلىش، ھەتتا قالايمىقان، تەرتىپسىز ئىش قىلىش بىزنى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا، بۈگۈننىڭ ئىشلىرىنى رەتلىك، جايىدا قىلىش ۋە ئەتە ئۈچۈن ئىنىق تەييارلىق قىلىش كېرەك. كۆڭۈلدە جەزمەن ئەتە نېمە ئىش قىلىش، قايسى ئىشنى ئالدى بىلەن قىلىش، قانداق قىلىش توغرۇلۇق پىلان، ئوي بولۇشى كېرەك. بۈگۈننىڭ مەئىشەت، پاراغىتى بىلەن كېرىلىپ يۈرۈپ ئەتىسى ئاچ قورساق قېلىشقا بولمايدۇ. بۈگۈن باياشاتلىق ئىچىدە ئويناپ يۈرگەندە جەزمەن ئەتە نېمە يېيىش، نېمە كىيىش، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەكلىكى ئەستە بولۇشى كېرەك.

— ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قىلىش، بۈگۈنىنىڭ ئەتىسى بارلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك، شۇنداقمۇ بوۋا؟

— شۇنداق، جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ھاياجانلىنىپ، — بۇ ھايات كاتتا نېمەتتۇر. شۇڭا، چوقۇم ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش، مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك. بولمىسا قەپەستىكى بۇلبۇلدەك تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆتۈشكە ئۆگىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن، بوۋا؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ ھەقتىكى مەسەلنى سۆزلەشكە باشلىدى.



# قەپەستىكى بۇلبۇل

بىر بۇلبۇل كىچىكىدىن تارتىپ قەپەستە بېقىلىپتۇ. يەيمەن دېسە يەيدىغىنى، ئىچىمەن دېسە ئىچىدىغىنى بار ئىكەن. قەپەستە گۈللۈكتىكى كىچىككىنە بىر پارچە يەرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەن.

بىر كۈنى سەھەردە بۇلبۇل بىر سوپسوپىياڭنىڭ يېقىنلا يەردىكى دەرەخكە قونغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: سوپسوپىياڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا كىم ئوزۇقلۇق بېرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا كىم سۇ بېرىدىغاندۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلبۇل سوپسوپىياڭغا سالام بېرىپتۇ.

— خەيرلىك سەھەر، سوپسوپىياڭ، ئوبدان كەپسەن.

سوپسوپىياڭ دەپتۇ:

— بۇلبۇل سەن قانداقلارچە قەپەسكە سولىنىپ قالدىڭ؟

— قەپەس؟ نېمە قەپەس؟ — بۇلبۇل چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ.

— سەن ياشاۋاتقان بۇ كىچىككىنە نەرسە قەپەس ئەمەسما؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، مەن كىچىكىمدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلدىم، بۇ ئۆيي نېمىدېگەن ياخشى، يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بار. مەن خۇشال، شۇڭا ئاۋازىمنىڭ

uyghurkitap.com



بارچە ناخشا ئېيتىمەن. قانداق، سېنىڭ مۇنداق ئۆيۈڭ يوقتۇ؟

— يوق.

— ۋاي بىچارە، ئەمىسە يەيدىغان، ئىچىدىغاننى ساڭا كىم بېرىدۇ؟

— مەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغىنىمغا ياردەم قىلىشىغا موھتاج ئەمەس.

— سېنىڭ سۇ ئىچىدىغان كىچىك قۇتاڭ يوقمۇ؟

— يوق.

— ۋاي بىچارە، ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ گۈللۈكى يوقتۇ؟

— يوق.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەن. ساڭا قاتتىق ئېچىنىمەن. مېنىڭ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالامسەن؟ بۇ يەردە ئازادە تۇرالغۇ، چىرايلىق گۈللۈك بار. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قال.

ئەمما، سوپسوپياڭ بۇلبۇلنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماپتۇ، بىردىنلا ئۇچۇپتۇ ـ دە، ئاسماننى بىر ئايلىنىۋېتىپ، ئاندىن بايىقى ئورنىغا كېلىپ قونۇپ، ئۇنلۇك سايراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازى، دالالاردىكى گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى، تىنىق، چەكسىز كەتكەن ئاسماننىڭ مەنزىرىسى نامايان بوپتۇ.

بۇلبۇل بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تولىمۇ ھەيران بولۇپ سوپسوپياڭدىن سوراپتۇ:

ــ هوي، سەنمۇ ناخشا ئېيتالايدىكەنسەنغۇ؟ ساڭا كىم ئۆگەتتى؟

ــ كەڭ تەبىئەت ئۆگەتتى. تاغ ـ ئېدىرلار، دەريا ـ كۆللەر، ئورمان ـ يايلاقلار... ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېيتقان ناخشىلىرى هەردەم قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلايدۇ. تەبىئەت مېنىڭ ئۆيۈم.

ــ باشقا قۇشلارمۇ ساڭا ئوخشاش ناخشىنى ياخشى ئېيتامدۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئۇلارنىڭ سېنىڭكىگە ئوخشاش ئۆيى بارمۇ؟

ــ مېنىڭ ئۆيۈم ئۇلارنىڭمۇ ئۆيى، ئوخشاشلا سېنىڭمۇ ئۆيۈڭ.

ــ چاقچىقىڭنى قوي، نەدىمۇ تاغ، دەريا دېگەن نەرسىلەر بولسۇن!

ــ نېمە؟ سەن تەبىئەتنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنسەن!

ــ تەبىئەت دېگەن قانداق نەرسە؟

ــ تەبىئەت دېگەن چەكسىز كەتكەن زېمىن، سەن قاناتلىرىڭنى كېرىپ هەر قانچە ئۇچساڭمۇ چېتىگە بارالمايسەن.

ــ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى چۈشەنمىدىم.

ــ مۇنداق چۈشەندۈرەي: تەبىئەتتە قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چاچىدۇ. دەريا سۇلىرى خۇشال ناخشا ئېيتىدۇ، تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەر ئەركىن ئۆسىدۇ. جۈملىدىن ئورمانلارمۇ خۇشال چايقىلىپ «شار ـ شۇر» قىلىپ كۈي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاتتىدۇ. تەبىئەت ناخشا ئېيتىپ خۇشاللىنىقتا، ئەركىنلىككە تەنتەنە قىلىدۇ.

— پو ئاتما، دەۋاتقانلىرىڭ قانداق نەرسىلەر! سىلەر يېيەلمەيسىلەر، ئىچەلمەيسىلەر، ئاچلىقتا چىداپ ئۆتىسىلەر، بۇ بەلكىم سىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىڭلاردۇر؟

سوپسوپىياڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇلبۇل قەپەستىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، لېكىن ئۇچۇپ ئاخىرىغا چىقالماپتۇ. ئۇنىڭ ھېرىپ ماجالى قالماپتۇ. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، ئورمانغا چۈشۈپتۇ. كەڭ ئورمان، تىنىق كېچە ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ «شالدىر-شۇلدۇر» قىلغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئۇنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالايلا دەپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇلبۇل كېچىلەپ ئۆزىنىڭ قەپىسىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

— دېمەك، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ، — تەبىئەت شۇ قەدەر بىپايان، گۈزەل ۋە تەڭداشسىز سېھرىي كۈچكە ئىگىدۇر. سەن قەلبىڭدىن جاھاننىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن شامالنىڭ يۇمشاق شىۋىرلاپ سوقۇشلىرىغا، غازاڭلارنىڭ يېقىملىق شىۋىرلاشلىرىغا، سۈزۈك سۇلارنىڭ شىلدىرلاش، ئويناقلاپ ئېقىشلىرىغا ۋە كائىناتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن جاندارلارنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قويىدىغان مۆجىزىلىك قىلىق - ئادەتلىرىگە نەزەر سالساڭ، تەبىئەتنىڭ، كائىناتنىڭ نەقەدەر

ئۇلۇغ، بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلىسەن ۋە قەلبىڭدە ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، پايانسىزلىقىغا بولغان ئىشەنچ تېخىمۇ كۈچىيدۇ.

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈردى. مۆھتەرەم بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇڭا، جېنىم بالام! كۆزۈڭنى كەڭ ئاچ، نەزىرىڭنى يىراق - يىراقلارغا تىك. تار قەپەسلەرگە، ئىنتايىن چەكلىك سولاقلارغا ئۆزۈڭنى سولىۋالما. ئىنسان قانچىكى تار دائىرە ئىچىدە ياشىسا، ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ، ئويلايدىغانلىرىمۇ ئاددىي، چەكلىك بولىدۇ. ھەممە ئادەم ھاياتتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك سوۋغاتتىن جايىدا بەھرىلىنىشنى بىلىشى كېرەك... ئەمدى ئۇتۇنچى بىلەن ئېيىقنىڭ ۋەقەسىگە قۇلاق سال!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئوتۇنچى بىلەن ئېيىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن. بۇ ئوتۇنچىنىڭ بىرەرمۇ ئوغلى يوق ئىكەن. جاڭگالدىن ئوتۇننى بازارغا يۈدۈپ ئاپىرىپ ساتىدىكەن، ئەمما ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلى قورسىقىنى تويدۇرۇشقا يەتمەي، ھەر كۈنى يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، جاڭگالدا ئوتۇن ئېلىۋاتسا، تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر ئېيىق چىقىپ قاپتۇ. ئوتۇنچى نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرسا، ئېيىق تىلغا كىرىپ:

— مەن ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ جاڭگالدا ياشايمەن. سېنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېتىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. بىراق سەن ياخشى ئوتۇنلارنى تاپالمايۋاتىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقتىڭنىڭ كۆپ قىسمى ئوتۇن ئېلىشقا كېتىپ، بىر كۈندە بازارغا ئاران بىر قېتىم ئوتۇن ئاپىرىۋاتىسەن. كەل، ئىككىمىز دوست بولايلى. مەن ساڭا ئوتۇن تەييارلاپ بېرەي، سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوتۇننى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشنىلا بىل، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئوتۇنچى ئېيىق دوستى تەييارلاپ قويغان ياخشى ئوتۇنلارنى بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم بازارغا

ئاپىرىپ سېتىپ، ئاز كۈندىلا هال ـ ئوقىتى ياخشىلىنىپ، بىر ئېشەكلىك بولۇپ قاپتۇ. ئۈچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ يېڭىلىنىپتۇ. هەر قېتىم ئوتۇنغا بارغىنىدا ئېيىق دوستىغا يەيدىغان بىر نەرسىلەرنى ئاپىرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ئېيىق ئوتۇنچىنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئوتۇنچىمۇ ماقۇل دەپ، ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپتۇ. ئېيىق ئوتۇنچىنى ئوبدان مېهمان قىپتۇ. بىراق ئۇلار گەپتىن ـ گەپ چىقىپ قىزىرىشىپ قاپتۇ. سەپرا ئوتۇنچى ئېيىقنى:

— هايۋان دېگەن هامان ئەقىلسىز هايۋان. سېنىڭ بىلەن دوست بولۇپ يۈرگەن مەنمۇ بىر ئەخمەق ! — دەپ تىللاپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ دوستلۇقنىڭ يۈزىنى قىلماي شۇنچە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن هاقارەتلەۋاتقانلىقىدىن ئېيىق قاتتىق رەنجىپتۇ، بىراق چاندۇرماپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كەچ كىرىپ قاپتۇ. ئوتۇنچى كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىكەن، ئېيىقنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— يول خەتەرلىك، قونۇپ قالغىن، — دەپتۇ.

ئوتۇنچىمۇ ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. بىراق، بۇ ئەبلەخ بىلەن قىزىرىشىپ قالدىم. ئەمدى ماڭا قەست قىلىپ قويمىغىدى، دەپ ئويلاپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، ئېيىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئېيىق راستتىنلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوتۇنچى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، پالتا بىلەن ئېيىقنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ. ئېيىقنىڭ بېشىدىن بۇلدۇقلاپ

قان ئېقىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئېشىكىگە مىنىپتۇ ـ دە، تىكىۋېتىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئوتۇنچى باشقا جاڭگالغا بارىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ جاڭگالدا ئوتۇن ئېلىۋاتسا، ئالدىدىن ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئېيىق دوستى چىقىپ قاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوتۇنچى ئېيىققا قاراپ:

— ئېيىق دوستۇم، مەن قارا نىيەتلىك قىلىپ، بولتۇر سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، پالتا بىلەن چاپقانىدىم. مەن بۇ گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالىمەن. ئەمدى مېنى نېمە قىلساڭمۇ مەيلى، — دەپتۇ.

— ھەر ھالدا ياخشى ئىش قىلمىدىڭ، — دەپتۇ ئېيىق، — گۇناھىڭنى ئىقرار قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بولدى قىلدىم، پالتا چاپقان يەرنى كۆرۈپ باقە، قانداق بولۇپ قالدىكىن؟

ئوتۇنچى ئېيىقنىڭ بېشىغا يېقىن كېلىپ قاراپ بېقىپتۇ، پالتىنىڭ ئىزى يوق، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

— سەن پالتا بىلەن چاپقان جاراھەت ساقايدى، لېكىن تىلىڭ بىلەن دىلىمغا چېپىلغان جاراھەت تېخى ساقايمىدى، — دەپتۇ ئېيىق ۋە جاڭگالغا كىرىپ كېتىپتۇ.



— مانا بۇ

ۋەقەلىكتىن، خەلقىمىز ئارىسىغا بىر ھېكمەت تارقالغان. ئۇنىڭ قايسى ھېكمەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى مۇھتەرەم بوۋاي.

بىلقۇتجان ھەرقانچە ئويلاپمۇ تاپالمىدى.

— «تىغ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس» دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ ھە، بۇ ماقالنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، كېيىن چوقۇم ئەسقاتىپ قالىدۇ. يەنە بۇ ماقال سېنى ئويلاپ گەپ قىلىشقا، تىلنى تىزگىنلەشكە، ئەدەپلىك، مەدەنىيەتلىك گەپ قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۇھتەرەم بوۋاي.

— بوۋا، بۇ ماقالنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالدىم، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن! — دېدى بىلقۇتجان.

مۇھتەرەم بوۋاي يەنە بىر مەسەلنى ئېيتىشقا باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاق نىلۇپەر گۈلى

دەريانىڭ ئەگرى - بۈگرى ئېقىنى بىر يۇرتنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن. دەريانىڭ ياپيېشىل قىرغىقىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر توپ ئاق نىلۇپەر گۈلى ئۆسىدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق گۈل - گىياھلار ئۇنىڭغا ئېگىلگىنىچە تەزىم قىلىشىپ تۇرىدىكەن، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاق نىلۇپەر گۈلىنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى ئۆزلىرىنىڭ سايىسى بىلەن توسۇۋالماسلىققا تىرىشىدىكەن، ئەمما بۇ زىلۋا ئاق نىلۇپەر گۈلى غۇر - غۇر شامالدا لەرزان ئىرغاڭشىغىنىچە ئۆزىنىڭ سۇدىكى سايىسىگە ھارماي قارايدىكەن. دەريا دولقۇنى ئاق نىلۇپەرنىڭ بۇنداق جازىبىلىك قامىتىگە مەھلىيا بوپتۇ - دە، ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالماقچى بوپتۇ.

دەريا دەرھاللا قاتتىق مەۋج ئۇرۇپ، ھاياجان بىلەن دولقۇنلاشقا باشلاپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ تاقەتسىز ئارزۇسى بويىچە بارغانچە كۆچىيىپ، ئاق نىلۇپەرگە بۇژغۇن چاچرىتىشقا باشلاپتۇ، ئەمما ئاق نىلۇپەر گۈلى ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۆز زىبالىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

دولقۇن قىرغاققا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپتۇ. قىرغاق ئاخىر

ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. لاي ـ توپىلار قايىنامغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنداقلا ئۆزگە تەمەننا قويۇپ تۇرغان ھېلىقى ئاق نىلۇپەر گۈلىنىمۇ سۆرەپ كېتىپتۇ.

— بوۋا، تۇرمۇشتا ئۆزگە تەمەننا قويۇش، مەنمەنلىكتىن ساقلىنىش كېرەك ئىكەن. بولمىسا، مەغرۇرلۇقنى ئۆزگە يار قىلغان ئاق نىلۇپەر گۈلىدەك يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغان ئىشكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان.

— ئۆزگە تەمەننا قويۇش، مەنمەنلىك سىپى ئۆزىدىن يامان خۇي ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل يامان خۇي ئاسانلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ۋە بىزارلىقىنى قوزغايدۇ. شۇڭا، بۇنداق يامان خۇيدىن دائىم يىراق تۇرۇش، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

بىلقۇتجان بوۋىسىدىن يەنە مەسەل ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. مۆھتەرەم بوۋاي گېلىنى قىرىپ قويۇپ مەسەل سۆزلەشكە باشلىدى.



# ھەسەل ھەرىسىنىڭ خىسلىتى

ھەسەل ھەرىسىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئىشچى ھەرىنىڭ ئاران 35 كۈن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان تاشپاقا ھەسەل ھەرىسىنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ:

— ئۇكام ھەرىجان، سەن شۇنچە جاپا چېكىپ نېمە قىلىسەن؟ ئارتۇق جاپا جانغا جازا. تومۇزغىنىڭ 17 يىل ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن ئۇنداق ياشاشقا خۇشتار ئەمەس. تومۇزغىغا ئوخشاش تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشاش مەن ئۈچۈن نومۇس، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى.

— ئۇنداقتا، ئاق تۇرنىنىڭ 60 يىل ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— مەن ئاق تۇرنىدەك دۇنيادىن بىغەم ئۆتۈشنىمۇ راۋا كۆرمەيمەن.

— بولدى ئەمىسە، مەندىن ئۆگەنگىن، ئەگەر ماڭا ئوخشاش پۈتۈن قىشنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىنىۋالساڭ، 100 ياش تۇرماق، 1000 ياشقا كىرىشىڭدىمۇ گەپ يوق...

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى گەپنىڭ بىلىگە تېپىپ، — مېنىڭ ئۆمرۈم قىسقا بولسىمۇ،

ئىنسانلار ئۈچۈن قوشىدىغان تۆھپەم چوڭ، بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقىم!

ئاغزى تۈۋاقلانغان تاشپاقا زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. ھەسەل ھەرىسىنى غوڭۇلداپ ئۇچۇپ، گۈللۈككە كىرىپ كېتىپتۇ.

— بۇ مەسەلنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان ھياجانلىنىپ، — بۇنىڭدىن بىز مەنىسىز مىڭ يىل ياشىغاندىن كۆرە، مەنىلىك بىر كۈن ياشا، دېگەن ئەقلىنىمۇ تاپالايدىكەنمىز.

— شۇنداق، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — بىز بۇ دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامالنىڭ بارىچە ياخشى ئىشلارنى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئەلگە تۆھپە قوشۇپ ياشاش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى مەزمۇنى ئېنىق، قىسقا مەسەللەردىن بىرقانچىنى ئاڭلا! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىر تەشتەك ئەتىرگۈل

چىرايلىق تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن بىر تۈپ ئەتىرگۈل ئېچىلىپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ناھايىتى راھەت كۈن كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىرگۈل پىژ - پىژ ئاپتاپلىق ئېتىزدا تۇرغان مايسىلارنى كۆرۈپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ.

— ھەي مايسىلار سىلەر نېمىدېگەن بەختسىز - ھە! ئۆزۈڭلارنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ، باشقىچىرەك يول تۇتساڭلار بولمامدۇ!

مايسىلار باشلىرىنى سىلكىپ قويۇپ، ئەتىرگۈلنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۇن - تىنسىز ھالدا تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشنى داۋام قىپتۇ. كۈز پەسلى كەلگەندە مايسىلار تولۇق دان تۇتقان باشاقلارغا ئايلىنىپتۇ. ئەتىرگۈل بولسا خازان بولۇشقا باشلاپتۇ.

# قىزىلگۈل بىلەن يېشىللىق

باھاردا يېشىللىق ئارىسىدىن بىر تۈپ قىزىلگۈل ئېچىلىپتۇ. بۇ يەردە سەيلە قىلىپ يۈرگەن بىر شائىر بۇ گۈلنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز مۇنداق نەزم توقۇپتۇ:

يېشىل چىمەن ئاراسى، بىر قىزىلگۈل جىلۋىسى،
شۇ كۆپايە ھوزۇرغا، كېرەك ئەمەس ھەممىسى.

بۇنى ئاڭلاپ قىزىلگۈل ياپراپ كېتىپتۇ ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆزىنى ماختاپ:

ــ ئاڭلىدىڭلارمۇ، شائىر مېنى مەدھىيەلىدى، سىلەر يېشىل گىياھلار پەقەتلا مېنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىسىلەر، ــ دەپ قايناپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا، شائىر قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ ئاپتۇ ـ دە، گۈلنى تۇتقىنىچە ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، بىردىنلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق پىچىرلاپتۇ:

ــ يېشىللىقنىڭ بۇنداق روشەنلەشتۈرۈش رولى بارلىقىنى ئەجەب ئويلىماپتىمەنا! قىزىلگۈل يېشىللىقتىن ئايرىلسا ئادەتتىكىدەكلا كۆرۈنىدىكەن ئەمەسمۇ! ھەممە گەپ ئۆزۈمدە، ئالدىمدىكى گۈزەل مەنزىرىنى بۇزۇپلا قالماي، بۇ قىزىلگۈلگىمۇ ئۇۋال قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تىكەن بىلەن توپ

قويۇق ئۆسكەن تىكەنلەر بويۇنلىرىنى يولغا سوزۇپ كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقان ئۆتكۈر ئورغىقى بىلەن تىكەنلەرنى ئوروپ، باغلاپ ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. مەيداندا كىشىلەر توپ تېپىپ ئويناۋاتقانىكەن، تىكەن توپنىڭ بۇنداق ئەركىن قاڭقىپ، يايراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى تارلىق قىلىپ ئۇنىڭغا زىيان سېلىشنى ئويلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا توپ دۈگىلەپ تىكەننىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. تىكەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ توپقا:

— توپ، مېنىڭ ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، كىشىلەر ماڭا ئۆچ بولغان تەقدىردىمۇ، مېنى بۇنداق باغلاپ تاشلىماسلىقى، دەسسەپ تەپمەسلىكى كېرەك ئىدى. سېنىچۇ؟ سېنى ھەر كۈنى تېپىپ ئوينىشىدۇ، نېمە گۇناھىڭ بولغىيتتى سېنىڭ، مەن ساڭا قاراپ چىدىمايلا قالىمەن. ئېيتقىنا، كىشىلەر سېنى شۇنداق خورلىسا يەنە چىداپ يۈرۈۋېرەمسەن، — دەپتۇ.

توپ بۇ گەپلەردىن تەسىرلىنىپ:

— ئەمسە مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يىلىڭنى چىقىرىۋەت، ئۇلار قايتا تېپىپ يۈرمىسۇن! —

دەپتۇ تىكەن.

شۇنىڭ بىلەن توپ «پۇس» قىلىپلا يەل قويۇۋېتىپ، پۇرلەشكەن كېرەكسىز بىر نەرسە بولۇپ قاپتۇ. ئىگىسى توپنى كۆرۈپ يېرىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويغىنىچە، زادىلا كارى بولماپتۇ. توپ بۇلۇڭدا بەك زېرىكىپ كېتىپتۇ. ئۆمۈچۈكلەر كېلىپ تور توقۇپتۇ. ئۈستىگە سىيىپتۇ، پاشىلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ. توپ زادىلا چىدىيالماي قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، تامنىڭ تۈۋى نەملىشىپتۇ، توپ چىرىشقا باشلاپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا ئاندىن تىكەننىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغىنىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# ماماكاپ

ماماكاپ ئانىنىڭ نۇرغۇن بالىلىرى بار ئىكەن، ئۇ ھەربىر بالىسىغا بىردىن پاراشۇت تارقىتىپ بېرىپ:

— بالىلىرىم ھەممە يەرگە بېرىڭلار، جاھاننىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بېرىڭلار، جاھان كەڭرى، تۇرمۇش سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ!

شامال چىقىشى بىلەنلا، ماماكاپ بالىلىرى ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ پاراشۇتقا ئېسىلىپ، گاھ ئۆرلەپ - پەسلەپ، گاھ سورۇلۇپ، گاھ لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ياندىكى شاپتۇل دەرىخى ھەيران بولۇپ:

— سىز نېمىشقا بالىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى كەتكۈزۈۋېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ماماكاپ ئانىدىن.

— ھەممىسى كېتىدۇ!

— يېنىڭىزدا بىرەرسىنىمۇ ئېلىپ قالمامسىز؟ — شاپتۇل ماماكاپقا ئىچ ئاغرىتىپتۇ.



— بىرەرسىنىمۇ ئېلىپ قالمايمەن، — دەپتۇ ماماكاپ ئانا.

— ئۇ شۇنداق ئىنچىكە، ئاجىز تۇرسا، بوران - چاپقۇندا زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمامدۇ؟ سىز ئۇلار ئۈچۈن غەم قىلمامسىز؟ — يەنە سوراپتۇ شاپتۇل تاقەتسىزلىنىپ.

— ئەنسىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ ئۇ، — بىز ماماكاپ جەمەتىدىكىلەر مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن پۈتۈن دۇنياغا تارقىلالايمىز...



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەتىرگۈل بىلەن چۆپ

يول بويىدا بىر تۇپ ئەتىرگۈل بىلەن بىر توپ چۆپ بار ئىكەن. ئەتىرگۈل ناھايىتى چىرايلىق ئېچىلغانىكەن، چۆپلەر شىددەتلىك بوراندىلا ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىرگۈل بىلەن چۆپ ئۆزلىرىنى كىم ئۆستۈرگەنلىكى ھەققىدە تالىشىپ قاپتۇ:

— زېمىن بىزنى ئۆستۈرگەن — دەپتۇ چۆپ، — بىز پەقەت تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ يەر ئانىنىڭ بىزگە بەرگەن سۈتىنى سۈمۈرۈپ ئۆسكەنمىز، بولمىسا بىز ئاجىزلىشىپ، شامالدا توزۇپ كەتكەن بولاتتۇق.

— خاتالاشتىڭ، — دەپتۇ ئەتىرگۈل، — زېمىن مېنىڭ ئانام ئەمەس، مېنى ھەر كۈنى سەھەردىكى شەبنەم باققان. مەن ئېغىزىمنى ئېچىپ شەبنەملەرنى تازا ئىچىمەن، شەبنەملەر مەن ئۈچۈن گويا سۈتكە ئوخشايدۇ.

ئەتىرگۈل شەب-نەملەرنى بەكلا كۆك-



كە كۆتۈرۈپ ماختاپتۇ. شەبنەملەر كۈن نۇرىدا چاقناپ زۇمرەت رەڭلىرى بىلەن ئەتىرگۈلنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپتۇ.

بوران چىقىپتۇ، چۆپلەر بەللىرىنى ئېگىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ، تۇيۇقسىز «قارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتىرگۈلنىڭ بىر شېخى يىرىلىپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئەتىرگۈل ياقۇتتەك بىر نەچچە دانە شەبنەمنى بەرگىگە ئىلىۋاپتۇ. لېكىن يىرىلىپ كەتكەن شېخى يەر ئاندىن ئۇزۇقلۇق سۈمۈرەلمەي، شەبنەملەر ئۇنىڭ جېنىغا ئارا بولالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇپ كېتىپتۇ.

شەبنەم گويا ئەتىرگۈلنىڭ ئازابلىق يىشىغا ئوخشايدىكەن!



# گۈلنىڭ جاۋابى

ئىللىق باھار شامىلى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپتۇ. ئالتۇندەك قۇياش نۇرى ئىسسىقلىق ۋە كۈچ ئېلىپ كەپتۇ، دەل - دەرەخلەر چېچەكلەشكە باشلاپتۇ، باغلار گويا چاقناپ تۇرغان شەپەققە ئوخشاپ قاپتۇ. ھەسەل ھەرىسى قاناتلىرىنى تىترىتىپ، ۋىڭىلدىغىنىچە توپ - توپى بىلەن خۇش پۇراق قاپلىغان مېۋىلىك باغقا ئۇچۇپ كىرىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! — بىر تال ھەسەل ھەرىسى ھال رەڭ ئۆرۈك چېچىكىگە قونۇپ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈپتۇ، — سېنىڭ گۈزەللىكىڭنى تۈنجى قېتىم كۆرۈشۈم. سەن مەڭگۇ مۇشۇنداق تۇرغىنا دوستۇم، سېنىڭ گۈزەل قىياپىتىڭ، خۇش پۇرىقىڭ بىلەن دۇنيانى بېزەيلى!



— ياق! بولمايدۇ، — دەپتۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈل ھەسەل ھەرىسىگە، — سەن تېزراق ئىشلىگىن، مەندىن ھەم تاتلىق، ھەم خۇش

پۇراق شىرنىلەرنى جىقراق يىغىۋالغىن، مېنىڭ پەقەت نەچچە كۈنلۈكلا چېچەك مەزگىلىم بار، ئاندىن ئۆزگىرىمەن، تۆكۈلۈپ، گۈزەللىكىمدىن ئايرىلىمەن. بىر تال يېڭى مېۋە مۇشۇ ئورنۇمدا پەيدا بولىدۇ.

— ياق، ماڭا مېۋە كېرەك ئەمەس، — ھەرە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپتۇ، — ماڭا لازىمى سېنىڭ ھازىرقىڭ، مۇشۇ گۈزەل ھالىتىڭ.

— مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ ئۆرۈك چېچىكى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆسمەسلىكنىڭ ئۆزى ئۆلۈم، توختاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن چوقۇم مېۋە بېرىشىم كېرەك! سەن تېزراق ئىشلە، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما.

ھەسەل ھەرىسى ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆرۈك چېچىكىنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەنىكەن — ۋاقىتنى تۇتۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پىلەك

بىر تۇپ ھەشقىپىچەكنىڭ پىلىكى يەرگە يامراپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۆت تەرەپكە قاراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تۇپ چۆپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

— بىر تۇپ ئېگىز دەرەخ ئىزدەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پىلەك.

— ئېگىز دەرەخنى ئىزدەپ نېمە قىلىسەن؟ — قىزىقىپ يەنە سوراپتۇ چۆپ.

— ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن، — دەپتۇ پىلەك.

— ئۇنداقتا بىزمۇ ياخشى دوست بولساق بولمامدۇ؟

پىلەك چۆپكە بىر قاراپ قويۇپ، ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋاپتۇ.

— سەن مەن بىلەن دوستلىشىشنى خالىمامسەن؟ — سوراپتۇ چۆپ.

— مەن، تايانچ بولالايدىغان دوست ئىزدەۋاتىمەن، — دەپتۇ پىلەك.

چۆپ چىن يۈرىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، پىلەك ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، تۆت ئەتراپتىن ئۆزىنىڭ يۆلەنچۈكىنى ئىزدەۋېرىپتۇ.

— يۇقىرىدا بىر مۇنچە قىسقا مەسەللەرنى سۆزلەپ بەردىم، بۇ مەسەللەرنىڭ تىلى يېنىك، مەزمۇنى ئېنىق، شۇنداقلا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيەسى ئىلغار، بۇلار ھەققىدە تەسىراتىڭنى سۆزلەپ باقامسەن؟ — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجانغا.

— ماقۇل بوۋا، سۆزلىسەم سۆزلەي، — دېدى بىلقۇتجان گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — يۇقىرىقى مەسەللەر ھەققىدەتەنمۇ تەسىرلىك ۋە يېقىشلىق ئىكەن. بۇ مەسەللەر ھەققەت بىلەن ساختىلىق، ئېسىل پەزىلەت بىلەن رەزىللىك، تەييارتاپلىق، ئىشچانلىق بىلەن مىشچانلىقلار بىر - بىرىگە سېلىشتۇرما ھالدا بايان قىلىنغان ۋە كىشىلەرنى يامان خۇيلاردىن قېچىپ ياخشى خۇيلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە، يامان خۇيلارنىڭ زىيىنىنى چۈشىنىشكە ئۈندەيدىكەن. مەن بۇلاردىن ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر تەسىرات ئالدىم...

— بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن ئارتۇق توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — ئەمدى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك مەسەللەردىن سۆزلەپ بېرىمەن، دىققەت بىلەن ئاڭلا!

— ماقۇل بوۋا، جان دەپ ئاڭلايمەن ! — دېدى بىلقۇتجان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# هالۋىپۇرۇش بىلەن دەرۋىش

بىر كۈنى، تەرىقەت يولىغا چىن ئىخلاسى بىلەن قەدەم قويغان دەرۋىشلەردىن بىرى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر هالۋىپۇرۇشنى كۆرۈپ قاپتۇ. هالۋىپۇرۇش ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا، دەرۋىشنى دۇكىنىغا تەكلىپ قىپتۇ. دەرۋىشمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ دۇكىنىدا بىر پەس ئولتۇرۇپتۇ. هالۋىپۇرۇش دەرۋىشنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىر تەخسە ھەسەل ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن هالۋىپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا جەم بولغان چىۋىنلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ھەسەل ئۈستىگە يىغىلىپتۇ - دە، بەزىلىرى تەخسىنىڭ لېۋىگە قونۇپتۇ، بەزىلىرى بولسا ئۆزىنى تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇپتۇ. هالۋىپۇرۇش تەخسىدىكى ھەسەلگە ناھايىتى كۆپ چىۋىنلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا يەلپۈگۈچ ئېلىپ ئۇلارنى ئۇركۈتۈپتۇ. شۇندا تەخسىنىڭ قىرغىقىدىكى چىۋىنلار ئوڭايلا ئۇچۇپ قاچقان بولسىمۇ، ئوتتۇرىسىدىكى چىۋىنلار ھەسەلگە پېتىپ قالغاچقا ئۇچالماپتۇ. ئۇلار ئۇچماقچى بولۇپ قانات ئۇرغانىكەن، قاناتلىرىمۇ ھەسەلگە يېپىشىپ قېلىپ ئۆلۈمگە گىرىپتار بوپتۇ. ئۇ ئەزىز دەرۋىش بۇ ھالنى كۆرۈپ مەست ۋە

بىخۇد بولۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ئاندىن قەلب دەرياسى دولقۇنلاشتىن بېسىلىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھالۋىپۇرۇش ئۇنىڭغا:

— ئەي ئەزىز، بىز ھالۋىنى سىزدىن ھەرگىز ئايىمايمىز. سىزمۇ تەگرى سىزگە ئاتا قىلغان مەنىۋى ھالۋىنى بىزدىن ئايىماي، شېرىن لېۋىڭىزنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن شېكەرلەرنى تۆككەيسىز، — دەپتۇ.

— بۇ پەس دۇنيانىڭ ھېرىسمەنلىرى بۇ تەخسە ئۇستىدە ئۆز ھالىنى ماڭا كۆرسەتتى. شۇندا غايىب مۇئەللىمى ماڭا: «بۇ تەخسىنى دۇنيا دەپ، بۇ ھەسەلنى ئۇنىڭ نېمەتلىرى دەپ بىلگىن، چىۋىنلارنى بولسا نېمەت يىگۇچىلەر دەپ بىلگىن. تەخسەنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرغانلار بولسا قانائەتچان پېقىرلار، ئۇلار دۇنيا نېمەتلىرىدىن ئازغىنا لوقمىغا خۇرسەن بولۇشتى. لېكىن، تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەنلەر بولسا ھېرىس ئەھلىدۇر. ئۇلار نېمەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرسەك نېسۋە تاپارمىزمىكىن، دەپ تەمە قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ھەر كىمگە ئۆز نې-



سىۋىسىگە تۇشلۇق رىزىق بېرىدىغانلى- قىنى بىلىشمەيدۇ. ئەزرائىل ئۆلۈم يەل- پۈگۈچىنى تەۋرەتكەن چاغدا: «ئاۋۇ قىرغاق- تا ئولتۇرغانلار ئا-

سانلىق بىلەن ئۇچۇپ، ئۆزىنىڭ ماكانىغا قايتىدۇ. ماۋۇ ئوتتۇ-رىدا تۇرغانلار قانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ ئايىغى شۇنچە چوڭقۇر پېتىپ پەسلىك ماكانىدا قالىدۇ» دەپ ئېيتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرۋىش.

— بۇ ھايات ھەقىقەتلىرى ئېچىپ بېرىلگەن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق مەسەل ئىكەن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — مەسەلدە سۆزلەنگىنىدەك، بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھالىغا لايىق ئىش قىلماي، دائىم ھالىغا باقماي شىلتىڭ ئاتىدۇ، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلماي ئاچ كۆزلۈك قىلىدۇ، نەتىجىدە، ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. بۇ ھايات ھەقىقىتىنى چۈشىنىۋالغاندا، مانا مۇشۇنداق يامان قىلىقلاردىن ئۇنۇملۇك ساقلانغىلى بولىدۇ.

بىلقۇتجان بۇنى چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بوۋىسىنى يەنە بىر مەسەل ئېيتىپ بېرىشكە دەۋەت قىلدى. مۆھتەرەم بوۋاي تاتلىق نەۋرىسىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويماي يەنە مەسەل سۆزلەشكە باشلىدى.



# زالىم شىر بىلەن قارا قۇلاق

بىر يۇرتتا نۇرغۇن دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ چېچەكلەرگە تولغان، تاغدىكى بۇلاقلاردىن سۇلار ھەر تەرەپكە ئېقىپ تۇرغان، سەرۋى ۋە شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن سۆگەت ۋە گۈللەرنىڭ شاخلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن گۈزەل بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئۇ جايدا بىر چىشى شىر بار بولۇپ، ئۆمرىنى داۋاملىق جەڭ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، ئەگەر خالىسا، پىللارنىمۇ ئۇۋلايدىكەن. پەلەك شىرى بۇ شىرنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ شەۋكىتىدىن قېچىپ، خۇددى يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆكۈزدەك تەھتىسرادا تۇرىدىكەن.

ئۇ ھەمىشە قان تۆكۈپ، جان يۇتۇپ يۈرگەچكە، ئاغزى ۋە پەنجىسى داۋاملىق قانغا مىلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ ئارىسىدا بىر قارا قۇلاق بار ئىكەن، قارا قۇلاق شىرنىڭ بۇ زالىملىقىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۆزىچە: بۇنىڭ زۇلمىنىڭ شۇملۇقى ئاخىر ماڭىمۇ يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ زالىمنىڭ خىزمىتىدىن قېچىشىم كېرەك دەپ ئويلاپتۇ.

قارا قۇلاق مۇشۇ خىيالنى قىلغاچ مېڭىپ، بىر تاغنىڭ ياقىسىغا بېرىپ قاپتۇ. قارىسا، بىر چاشقان بىر دەرەخنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىلتىزىنى چىشى بىلەن ھەدەپ قىرقىۋاتقانىكەن، دەرەخ بولسا ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ: «ھەي زالىم دىل ئازار، نېمىشقا جاپا پالتىسى بىلەن جېنىمنىڭ رىشتىلىرىنى كېسىسەن؟ ۋۇجۇدۇمنى قۇرۇتۇپ، خالايىقنى سايەم ۋە مېۋەمنىڭ مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قىلىسەن؟» دەۋاتقانىكەن.

چاشقان دەرەخنىڭ نالىسىگە پىسەنت قىلماي، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز بىر يىلان پەيدا بولۇپ، ئۇنى دەم تارتىپ يۇتۇپتۇ. قارا قۇلاق بۇ ئەھۋالدىن ساۋاق ئاپتۇ ھەمدە ئازار بەرگۈچىنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭمۇ ئازار يەيدىغانلىقىنى، تىكەن تېرىغان كىشىنىڭ ھەرگىزمۇ گۈل ئۇندۇرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

يىلان چاشقاننى يۇتقاندىن كېيىن، دەرەخ سايىسىدە تۇگۇلۇپ ياتقانىكەن، بىر كىرپە كېلىپ يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى چىڭ چىشلەپ، بېشىنى قورسىقىغا تىقىپ تۇرۇۋاپتۇ، يىلان تېپىرلاپ ئۆزىنى كىرپىگە ئۇرغانىكەن، بىردەمدىلا كىرپىنىڭ تىكىنىدىن يىلاننىڭ بەدىنى يارىلىنىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. قارا قۇلاق بۇ ۋەقەدىن يەنە بۆلەكچە ئىبرەت ئاپتۇ. كىرپە بېشىنى چىقىرىپ يىلاننىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال يىلاننىڭ قورسىقىنى يېرىپ گۆشىنىڭ ياخشى يەرلىرىدىن قورسىقى تويغۇچىلىك يەپ، يەنە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئاشۇ يەردە يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ پەيتتە بىر تۈلكە شۇ جايغا كېلىپ، كىرپىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۆزىچە: بۇ ماڭا لايىق لوقما ئىكەن. ئەمما ئارزۇ ئىشكى مەھكەم تاقىلىپتۇ، ئۇنىڭغا ھىيلە ئاچقۇچىنى سالماي تۇرۇپ

ھەرگىز ئېچىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇراد گۈلى جاپا تىكەنزارلىقىدا پىنھان بوپتۇ. مىكىر شاملى بىر تەرەپتىن يەلپۈمىسە، ئۇ غۇنچە ئۆز خۇش پۇرىقىنى پۇراتمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، كىرپىگە يېقىن كېلىپ، ئۇنى ئوگدىسىغا ئۆرۈپ، ئۇستىگە ئاستا سىيىشكە باشلاپتۇ. كىرپە يامغۇر يېغىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ بېشىنى چىقىرىپتۇ. شۇ پەيتكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان تۇلكە كاپ قىلىپ كىرپىنىڭ تۇمشۇقىدىن چىشلەپلا ئۈزۈۋېلىپ قالغان ئەزاسىنى شۇنداق يەپتۇكى، تېرە ۋە تىكىنىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماپتۇ. دەل شۇ چاغدا، بىر ئاچ ئىت كېلىپ قېلىپ، تۇلكىگە قېچىشقا پۇرسەت بەرمەستىنلا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قورسىقىنى يېرىپ، زوق- شوقى بىلەن يەپ قورسىقى تويغاندىن كېيىن بىر بۇلۇڭغا كىرىپ يېتىپتۇ. قارا قۇلاق بۇ ئەھۋاللارنى تاماشا قىلىپ تۇرۇشىغا بىر يولۋاس چىقىپ كەپتۇ- دە، ئىتنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىت ئورنىدىن قوپۇپ بولغۇچە يولۋاس ئۇنى پارە- پارە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر ئوۋچى پەيدا بوپتۇ. ئۇ قولىغا ئوق ۋە يا ئېلىپ، يولۋاس ئاتقىلى چىقىپ شۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ- دە، بىر دالدىدا تۇرۇپ يولۋاسنىڭ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر گۆش يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوقنى ياغا قويۇپ كۈچەپ تارتىپ چەنلەپ بىر ئاتقانىكەن، ئوق بېرىپ يولۋاسنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كىرىپ سول تەرىپىدىن چىقىپتۇ.

ئوۋچى ئۆلۈك يولۋاسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا بىر ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېشىغا كەپتۇ، يولۋاسنىڭ قىممەت باھا تېرىسىنى كۆرگەن ئاتلىق كىشى ئۇنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشۈپ، ئوۋچى بىلەن تېرە تالىشىپ جېدەل چىقىرىپتۇ. جېدەل بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ھېلىقى ئاتلىق كىشى شەمشەر بىلەن ئوۋچىنىڭ بېشىنى چېپىۋېتىپ، تېرىنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ھېلىقى ئاتلىق كىشى تېخى يۈز قەدەم نېرى بارمايلا، ئىتى مۈدۈرۈپ كېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ بويىنى قايرىلىپ ئۆلۈپتۇ.

قارا قۇلاق بۇ تەجرىبىلەرنى كۆرۈپ يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىر جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپتۇ. ئۇ شىرنىڭ قېشىغا كېلىپ تاغدىن كېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

— دۆلىتىمنىڭ سايىسىدە راھەتلىنىپ ياشاۋاتىسەن، سېخىيلىقىمنىڭ داستىخىنىدىن قانچىلىك بەھرە ئالغۇڭ كەلسە شۇنچىلىك بەھرىلىنىۋاتىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مېنىڭ خىزمىتىمنى تەرك ئېتىپ، بۇ مەنزىلدىن باشقا تەرەپكە كېتىشىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— مەندە بىر خىيال پەيدا بولدى، — دەپتۇ قارا قۇلاق، — ئەگەر ئۇنى پىنھان تۇتسام، تاقەت قىلالمايمەن، بايان ئەيلەي دېسەم، بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن. ئەگەر سەن مۇستەھكەم ۋەدە بەرسەڭ، ئەھۋالنىڭ جەريانىنى ساڭا راستى بىلەن ئېيتاي!

شىر ۋەدە بېرىپتۇ.

— قارشىمچە، سەن خەلققە ئازار بېرىشكە نىيەت

باغلاپسەن، — دەپتۇ قارا قۇلاق، — سېنىڭ ھەممىتىڭ گۇناھسىزلارغا زۇلۇم سېلىشلا بولۇپ قاپتۇ. ھەممىنىڭ كۆكسى سېنىڭ زۇلمۇڭ نەشتىرى بىلەن يارا، بارچە كۆڭۈللەر جەبىر - جاپايىڭنىڭ تىغى بىلەن پارە - پارە بولۇۋاتىدۇ.

شىرغا بۇ سۆز ئېغىر كەپتۇ. لېكىن ئۆزى ۋەدە بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىلاجسىز ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ساڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغانىدىمغۇ؟ كېتىشنى ئىختىيار قىلىشىڭدىكى سەۋەب نېمە؟

— سەندىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىمدا ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىسى، مېنىڭ زۇلۇمنى كۆرۈشكە ۋە مەزلۇملارنىڭ نالىسىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى. يەنە بىرى شۇكى، مۇبادا بۇ خوي - پەيلىڭنىڭ شۇملۇقى يەتسە، مەنمۇ ساڭا قوشۇلۇپ ئازاب - ئوقۇبەت ئوتىدا كۆيىدىغان ئوخشايمەن. چۈنكى بىر جايغا ئوت كەتسە، ھۆل - قۇرۇق ئوخشاش كۆيىدۇ - دە، — دەپتۇ قارا قۇلاق.

— سەن يامان ئىشنىڭ شۇملۇقىنى نەدىن بىلدىڭ؟ ياخشى ئىشنىڭ بەرىكىتىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ھەر كىشى ئەگەر ئەقىل كۆلزاردىن بۇي ئالغان بولسا، ئازار ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشىنىڭ زەرەردىن باشقا ھوسۇل ئالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ؛ مەنپەئەت دەرىخىدىن كىشى راھەت مېۋىسىنى يەيدۇ. بۇ جاھان بىر مۇكاپات يېرىدۇر. ئۇ بىر تاغقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ھەر قانداق ياخشى ياكى يامان سۆز قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەكس ساداسىدا يەنە شۇنى ئاڭلايسەن. مەن بۇگۈن جازا

www.uyghurkitap.com



سۇرەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە مۇكاپات قائىدە ـ يوسۇنىنى ئۆز بويىچە چۈشەندىم، ــ قارا قۇلاق شىرغا جاۋابەن شۇنداق دەپ، چاشقان، يىلان، كىرپە، تۈلكە، ئىت، يولۋاس، ئوۋچى ۋە ئاتلىق كىشىلەرنىڭ قىسسىنى شىرغا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي پادىشاھ! چاشقان دەرەخ يىلتىزىنى قىرقىۋىدى، يىلانغا لوقما بولدى، يىلان ئۇنى يېۋىدى، كىرپىنىڭ ئازارىغا ئۇچرىدى. كىرپە يىلاننى ئۆلتۈرگەندى، تۈلكىنىڭ ھىيلىسىنىڭ دامىغا چۈشتى. تۈلكە ئۇنى يېگەندى، ئىت ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقاردى. ئىتمۇ شۇ زۇلۇم تۈپەيلىدىن يولۋاسنىڭ ئالقىنىدا ھالاك بولدى. يولۋاس زالىملىقى ئۈچۈن ئەجەل ئوقىغا نىشانە بولدى. ئوۋچى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز بېشىدىنمۇ ئايرىلدى، ئاتلىق ئادەممۇ ناھەق قان تۆككەنلىكى ئۈچۈن بوينى سۇندى ۋە تىرىكلىكتىن كۆڭلى تىندى. مانا بۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزۈپ ئاخىر ئۆزىمۇ زەرەر تاپتى. شۇڭا ئاقىل كىشىلەر «يامان ئىشلاردىن پەرھىز قىلىشى، يامان ھەمسۆھبەتلەردىن قېچىشى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ۋە ياخشى خۇلقلۇق، خۇش پېئىللىق بولۇشقا نىيەت باغلىشى» كېرەك ئىكەن.

شىر ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە شان ـ شۆھرىتىگە مەغرۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، قارا قۇلاقنىڭ بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماپتۇ، بەلكى قارا قۇلاق ئۇنى باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىككە قانچە دالالەت قىلغانسېرى ئۇنىڭ

كۆڭلىدىكى ھېرىس ئۇتى شۇنچە زىيادە ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ.

قارا قۇلاق خۇددى پولات تاختايغا چومۇلىنىڭ پۇتى زەربە يەتكۈزەلمىگەندەك ياكى بىر كىم تىكەننى نەيزە قىلىپ تاشقا ئاتسا، تىكەن تاشقا ئۆتمىگەندەك بىر ئىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەسىھىتىنىڭ شىرنىڭ كۆڭلىگە قىلچە تەسىر قىلمىغانلىقىنى سېزىپ، شىرنىڭ قېشىدىن قېچىپ، ناھايىتى چوڭ بىر تىكەنزارلىققا بېرىپ مۆكۈنۈپتۇ. شىر غەزەپلىنىپ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئىزدەپ تاپالماي، ئۇنىڭ پۇختا بىر يەرگە مۆكۈنۈۋالغانلىقىنى پەملەپتۇ. شىر قارا قۇلاقنى ئىزدەپ نېرىراق بېرىپ ئىككى كېيىك بالىسىنىڭ ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەملە قىپتۇ، كېيىكنىڭ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ داد - پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ:

— ھەي پادىشاھ! بۇ ئىككى نارەسىدىنى يېمەك بىلەن ساڭا قانچىلىك قۇۋۋەت ھاسىل بولۇپ كېتەر؟ پەريادىمغا يەتكىن، ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكىن! مېنى پەرزەنتلىرىمنىڭ يىراق ئوتىغا تاشلىما، ئۆزۈڭنىمۇ بۇنىڭدىن كېلىدىغان قىساسنىڭ ھەلەكچىلىكىگە باشلىما، سېنىڭمۇ پەرزەنتلىرىڭ باردۇر. بۇلارغا زىيان يەتكۈزسەڭ، سېنىڭ باللىرىڭغىمۇ زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشىنى بىر ئويلىساڭچۇ! سەن ئۆز باللىرىڭدىن ئايرىلىشنى خالىمىساڭ، مېنىمۇ باللىرىمدىن ئايرىۋەتمىسەڭچۇ؟

شىر بۇ نالە - زارغا قىلچە ئىلتىپات قىلماي، كېيىكنىڭ

باللىرىنى تۇتۇپ يەپتۇ. شىرنىڭمۇ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، باللىرىنى بىردەم كۆرمىسە، ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدىكەن. ئۇ دائىم باللىرىنىڭ دىدارىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۆزىنىڭ روشەن بولۇشىنى تىلەيدىكەن. شىر دەل كېيىكنىڭ باللىرىغا قەست قىلغان ۋاقىتدا، بىر ئوۋچى شىرنىڭ باللىرىنىڭ پېيىغا چۈشكەنىكەن. شىر كېيىك باللىرىنىڭ گۆشىنى يەپ قورسىقى تويغاندا، ئوۋچىمۇ شىر باللىرىنىڭ تېرىسىنى سويغانىكەن.

كېيىك شىردىن قېچىپ باللىرىنىڭ پىراقىدا نالە ـ پىغان قىلىپ، ساراسىمە بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قارا قۇلاقنىڭ قېشىغا بېرىپ قاپتۇ. قارا قۇلاق ئۇنىڭدىن ھال سوراپتۇ. كېيىك ئۆز باللىرىغا شىرنىڭ زۇلۇم يەتكۈزگىنىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. قارا قۇلاقمۇ ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ زار ـ زار يىغلاپتۇ.

— ھەي بۇرادەر، يىغلىما، غەم يېمىگىن، ئۇزاققا قالماي ئۇمۇ ئۆز زۇلمىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، — دەپتۇ قارا قۇلاق كېيىككە.

شىر كېيىك باللىرىنى يەپ بولۇپ، ئۆز مەنزىلىگە قايتىپ كېلىپ، كۆز نۇرى بولغان باللىرىنىڭ تەنلىرىنىڭ جانسىز، گۆشىنىڭ تېرىسىز ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەرياد ۋە نالىسىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ شۇنداق پىغان چېكىشكە باشلاپتۇكى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن شۇ تاغدىكى ھەممە جانىۋارلارمۇ يىغا ـ زار قىلىشىپتۇ. ئۇ شۇنداق ئوتلۇق ئاھ

ئۇرۇپتۇكى، ئۇنىڭ ئاھىنىڭ شولىسىدىن ھاۋادىكى ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنىڭمۇ تېنى كۆيۈپتۇ.

شىرغا بىر چىلبۆرە قوشنا بولۇپ، ئۇ ئېتىكىنى دۇنيا تەئەللۇقاتىنىڭ تويپىسىدىن قاققان، ئۆزىنى تەۋەككۈلگە تاشلىغان، قانائەتلىك، تەۋەككۈل ئىزىتىنىڭ ئېتىنى مىنگەن، قانائەت دۇنياسىنىڭ تاجىسىنى كىيگەن بىر جانىۋار ئىكەن. ئۇ تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن شىرنىڭ قېشىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەي پادىشاھ، بۇنچىۋالا يىغان چىكىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟

شىر ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— سەۋر قىلغىن، — دەپتۇ چىلبۆرە، — ھېچقانداق پادىشاھ ئەلەم گۈلشىنىدىن ۋاپا ھىدىنى پۇرىغىنى يوق، ھېچقانداق ئېغىز دەۋران ساقىيسىنىڭ قولىدىن جاپاسىز شاراب ئىچكىنى يوق. باغرى قان بولغان كۆڭۈللەر ئۈچۈن سەۋردىن ياخشىراق مەلھەم يوق. بىر پەس ئۆزۈڭنى بېسىۋال. ھوشۇڭنى يىغىپ، قۇلىقىڭنى ئاچ. مەن ساڭا ھېكمەت دەپتىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئېيتاي. بۇ ئىككى يۈزلىمە دۇنيانىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى كۆڭلۈڭنىڭ كۆزىگە كۆرسىتەي.

شىرنىڭ قەلب دەرياسى دولقۇنلاشتىن سەل بېسىلىپ، نەسىھەت ئاڭلاشقا مايىل بوپتۇ. چىلبۆرە ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھ! ھەر باشلىنىشنىڭ بىر ئاياغلىشىشى، ھەر ئاۋۋالنىڭ بىر ئاخىرى بولىدۇ، ئەگەر ئۆمۈرنىڭ مۇددىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توشۇپ، ئەجەل ۋاقتى يەتسە، كۆز ئاچقۇچە مۆھلەت بەرمەيدۇ. ھەر گورۇھقا ئۆلۈم ۋە ئازاب ۋاقتى تەيىن قىلىنغان. ئەگەر شۇ ۋاقىت كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كىچىككىنە ۋاقىتنىمۇ تىلىۋالالمايدۇ. شۇڭا، ھەر غەمنىڭ ئارقىسىدىن شادلىقنى تىلەش ھەمدە ھەر تويدىن كېيىن كېلىدىغان ماتەمنىمۇ كۆرۈش كېرەك. ھەر قانداق ھالدا، خۇدادىن كەلگەن قازاغا رىزا بولۇش، بۇنداق نالە - پەريادلارنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

— بالىلىرىمغا بۇ بالا نەدىن كەلگەندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر.

— ئۆزۈڭدىن كەلگەن، — دەپتۇ چىلبۆرە، — چۈنكى سەن ئوۋچى سېنىڭ بالىلىرىڭغا قىلغاندەك ئىككى ھەسسە قىلغۇلۇقنى باشقىلارغا قىلغان بولغىيدىڭ. ئۆز ئەمەلىڭنىڭ مۇكاپاتى ئاخىر يەنە ئۆزۈڭگە يېنىپتۇ. سەن باشقىلارنى جازالىغاندەك جازا ئۆزۈڭگىمۇ كەپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ مەسەل توگىشى بىلەنلا:

— بوۋا، ئەگەر ئاداۋەت كۈچەيسە، ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەننىمۇ بىر ئامال قىلىپ ھەسرەتتە قالدۇرغىلى، ھەتتا يوقاتقىلى بولىدىكەن،



شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ سورىندى.

ــ زۇلۇم ۋە زالىملىق باشقىلارنىڭ دىلىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، ــ دەپ قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۇردى مۆھتەرەم بوۋاي، ــ ئاداۋەت باشقىلارغا دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولۇش ۋە بۇ نىيىتىنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆزگەرتمەسلىك، پۇرسەت كەلگەندە قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاداۋەت ۋىجداننى بۇلغايدىغان ۋە ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان يامان خۇلقلاردىن بىرى بولۇپ، ئەگەر كۆچىيىپ كەتكەندە تۈگىمەس كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە قانلىق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. قەدىمدىن بۇيان ئاداۋەتتىن ئىبارەت بۇ يامان خۇي كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتكە شۇنچىلىك زىيان سالغانكى، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تالاي ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ، تالاي كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئاغرىغان، ھەتتا ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت تۈپەيلىدىن سانسىز بىگۇناھ پۇقرا ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇنداق پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جاھان پازىللىرى ئاداۋەت توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىبرەتلىك دۇردانىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. دىمەك، يامان خۇلقلارنىڭ يامىنى بولغان ئاداۋەت شۇنداق بىر يامان



سۈپەتتۇركى، بارلىق بۇزۇق ئىشلارنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدىغان يېرى ئاداۋەتتۇر. ئاداۋەت نەپسانىيەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئاداۋەت ۋە نەپسانىيەت تەربىيەسىز دىلدا ھاسىل بولىدىغان جىسمانىي ئىللەتتۇركى، بۇنىڭ بىرىنچى ئىلاجى ۋىجدان ۋە ئىنسان ئۈستىدە قىلىنىدىغان ئاقىلانە تەدبىر ۋە ھەرىكەتتىمىزگە باغلىقتۇر. ھەممىگە ئايدىڭدۇركى، ئاداۋەت دەرىخى دۈشمەنلىك يېمىشىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئاداۋەت دەرىخى كېسىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەمىمىيلىك كۆچىتى تىكىلسە، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ۋە ئۈلپەت مېۋىسى نىشانە بېرىدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ ئاداۋىتىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن چوقۇم توغرا يولدا مېڭىش، باشقىلارغا زۇلۇم سالماسلىق، زالىم بولماسلىق كېرەك. بولمىسا زالىم ئوتۇنچىدەك ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدىغان گەپ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن، بوۋا؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان.



# زالىم ئوتۇنچى

ئۆتكەن زاماندا بىر زالىم ئوتۇنچى بار ئىكەن. ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ئوتۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن يېرىم باھادا سېتىۋېلىپ، شۇ يوسۇندا جۇغلىغان ئوتۇننى قىشچە بايلارغا توشۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇل ئالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جەبرىدىن كەمبەغەللەر نالە - زار قىلىشىپ بايلارغا قاقشايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بىر دەرۋىشنىڭ ئوتۇننى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئوتۇننىڭ يېرىم باھاسىغىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئازغىنا پۇلنى تاشلاپ بېرىپتۇ. دەرۋىش قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، يىغلىنىش يۈزىنى تەلەپ قىبلىسىگە كەلتۈرۈپتۇ.

شۇ چاغدا، بىر شەپقەتلىك كىشى ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇ زالىمغا مالامەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ بىچارىلەرنىڭ خۇدادىن باشقا پاناھى يوق. بۇلارغا ئۇنداق زۇلۇم قىلما! بۇ كىشىلەر ھەر كېچىسى خۇددى شامدەك كۆڭۈل كۆزىدىن ياش ئاققۇزىدۇ. بۇلارغا بۇنچىۋالا جاپا سالما، بۇ غېرىبلارنىڭ كۆكرەك ئۆيىنى زۇلۇم بالاسى بىلەن ۋەيران قىلما. گەرچە سېنى مەي خۇمارى قاتتىق تۇتقان بولسىمۇ، يېتىملارنىڭ يۈرەك قېنىنى شاراب ئورنىدا ئىنتىقام جامىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويما!

بۇ ئەزىزنىڭ سۆزى تەكەببۇر زالىمغا خۇشياقماپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەخمەقلىق ۋە جاھىللىقى چېكىدىن ئاشقاچقا، نەسىھەتنى قوبۇل قىلماپتۇ.

دەرۋىش ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ بىر خىلۋەت جايغا كىرىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز شۇ كۈنى كېچىسى ئوتۇنخانىغا ئوت كېتىپ، پۈتۈن ئوتۇنلار كۆيۈپ، ئوتۇنچى ئولتۇرغان هويلىغىمۇ ئوت تۇتىشىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بارلىق بايلىقى كۈلگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز جېنىنى ئوتتىن ئاران قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئوتۇنچى ئەتىسى قوشنىلىرىغا: «بۇ ئوت ئۆيۈمگە نەدىن تۇتاشقاندۇر؟» دەپ تۇرۇشىغا، هېلىقى نەسىھەت قىلغان ئەزىز ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئۇ ئوت دەرۋىشلەرنىڭ ئاھلىرىنىڭ شولىسىدىن ۋە دىلى ئاغرىغانلارنىڭ كۆڭلىنىڭ كۆيۈشىدىن چۈشتى، — دەپتۇ.

زالىم بېشىنى تۆۋەن سىلىپ:

— بۇ جاپا ئۇرۇقىنى ئۆزۈم تېرىغان. هوسۇلى بۇنىڭدىن ئۆزگە نېمە بولسۇن؟ — دەپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ ھەقتە ئۇزۇن توختالمايلا، يەنە بىر مەسىلىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

## ھەقىقەت

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن.

بوۋاي ئاتمىش ياشقا كىرگەندە كېسەل چىرماپ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ ۋە كېسەلنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ، ئوتتۇز ياشلىق ئوغلى شەمشىنى چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن ئەمدى ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ساڭا مال - دۇنيا ئەمەس، ئۈچ ئېغىز نەسىھەتنى مىراس قالدۇرىمەن. ئېسىڭدە مەھكەم ساقلىغىن، — دەپتۇ.

شەمشى ماقۇل بولۇپتۇ. بوۋاي ھالسىز ئاۋاز بىلەن:

— ئوغلۇم، بىرىنچى نەسىھەتىم، ئىچ سىرىڭنى خوتۇنۇڭغا دېمە، ئىككىنچى نەسىھەتىم، يېگى بايدىن قەرز ئالما، ئۈچىنچى نەسىھەتىم، يۇرت بېگى بىلەن دوست بولما، — دەپتۇ.



uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەمشى دادىسىغا بۇ نەسىھەتلەرگە ئەمەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شەمشى بىر كۈنلەردە دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى بىر سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۇرتنىڭ بېگى بىلەن دوستلىشىپ، ھەر دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپتۇ. بەگمۇ شەمشىنىڭ خىزمىتىگە رازى بولۇپ: «يېقىن سىردىشىم، دوستۇم» دەپ يۈرۈپتۇ. شەمشى بەگ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تونۇشۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تىجارىتى روناق تېپىۋاتقان بىر يېڭى سودىگەر بىلەنمۇ دوست بولۇپتۇ ھەم يالغان زۆرۈرىيەت پەيدا قىلىپ يۈز تىللا قەرز ئاپتۇ. ئۇچىنچى قەدەمدە ئۇ بىر ئۆچكىنى بوغۇزلاپ، كىيىملىرىنى قان بىلەن بوياپ، ئۆچكىنى بىر بۇلۇڭغا كۆمۈۋېتىپ، ئالدىراپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ كىيىمىدىكى قانلارنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ھالدا:

— ۋاي دادىسى، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. شەمشى:

— ھەي خوتۇن، ساڭا راست گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ، لېكىن بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنماس-لىقىڭغا ۋەدە بەر، — دەپتۇ.



شەمشى خوتۇنىدىن ۋەدە ئالغاندىن كېيىن:

— يولدا كېلىۋاتسام بىر دىۋانە يوز تىللانى بوينىغا ئېسىپ كېتىۋېتىپتۇ. تىللاغا كۆزۈم چۈشۈپ تارتىۋالماقچى بولدۇم، لېكىن بۇ دىۋانىگە كۈچۈم يەتمىدى، يېنىمدىن پىچاقنى چىقىرىپ دىۋانىنىڭ نەچچە يېرىگە تىقىۋەتتىم. دىۋانە يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن تىللالارنى تارتىۋالدىم. ئاندىن دىۋانىنى بوغۇزلاپ خالىي جايغا كۆمۈپ قويدۇم، — دەپتۇ.

ئايالى قورققىنىدىن تىترەپ:

— ئادەم ئۆلتۈرگەنلىرىنى بىر كىم كۆرۈپ قالمىغاندۇر، — دەپتۇ. شەمشى:

— ياق، ھېچكىم كۆرمىدى. مانا بۇ تارتىۋالغان تىللالارنى سەن ساقلاپ قويغىن، — دەپ قەرز ئالغان تىللالارنى بېرىپتۇ.

خوتۇنى تىللالارنى ئېلىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىسىلا، بولمىسا سىلىنى خەقلەر ئۆلتۈرىدۇ ياكى سىلى خەقنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ زىندانغا مەھكۇم بولۇپ قالسىلا، مەن بۇ ئۆچ بالا بىلەن قانداق قىلىمەن، — دەپ يىغلاپتۇ.



ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە بۇ ئەر-خوتۇن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، خوتۇنى ئاچچىقىغا پايلىماي:

— خەپ! سەن

ئوغرىنىڭ ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقمىسام، — دەپ يىغلىغىنىچە بېرىپ، يۇرت بېگىگە ئېرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپتۇ. يۇرت بېگى ئەل - يۇرت ئىچىدە «ئاغىنىسىنى قانات ئاستىغا ئالدى» دېگەن گەپ - سۆز پەيدا بولۇشتىن قورقۇپ، تەكشۈرمەيلا شەمشىنى تۇتۇپ كېلىپ دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىپتۇ. سودىگەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەرزىنى قايتۇرۇۋالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، دوست - بۇرادەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ شەمشىنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە مال - مۈلكىنى ئەكېتىپتۇ. شەمشى دار ئالدىغا بارغاندا، يۇرت بېگى قائىدە بويىچە:

— ئۆلۈشتىن ئىلگىرى نېمە سۆزۈڭ بار؟ — دەپ سۆزلەشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. شۇ چاغدا شەمشى يىغلىغان يۇرت ئەھلىگە قاراپ:

— خالايىق، مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم، ئەگەر راستىنلا ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسام بۇ جازاغا رازى ئىدىم. سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار مەن ئېيتقان جايغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرسەڭلار، — دەپ ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.



خالايىق تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. يۇرت بېگى شەمشى ئېيتقان ئو-

رونى تەكشۈرۈشكە ئىككى دورغىنى ئەۋەتىپتۇ. دورغىلار ئۇ يەرنى كولاپ ئۆچكىنىڭ ئۆلۈكىنى ئەكىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خوتۇننىڭ ئەرزىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ. شەمشى جازادىن قۇتۇلۇپتۇ. خالايىق بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، شەمشى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مەن ئاتا سۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ مۇشۇ بالا - قازاغا قالدىم، — دەپتۇ.

بەگ بىلەن سودىگەرنىڭ بېشى تۆۋەن سېلىنىپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تارقىلىپ: «ئاتا سۆزى — ھەقىقەت» دېگەن ماقال بىزگە يېتىپ كېلىپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي مەسەلنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— جېنىم بالام، مەن ساڭا ئەمدى ئاتىلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ۋە مېغىزىنى چاق! ئائىلىدە ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاتىنىڭ مەسئۇلىيىتى، جاۋابكارلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ جىسمانىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشى كېرەك. ئاتا ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگۈچى ئاساسىي شەخس-



تۇر. تەربىيە بېرىدىغان شەخسنىڭ ئۆزى خۇددى بوۋىلار ئېيت-
قاندەك تەربىيەلىك، ھەققانىي ۋە بەركامال ئىنسان بولۇشى كې-
رەك. پەرزەنتكە نىسبەتەن ئاتا ئاساسىي ئېتىقاد نۇقتىسىغا
ئايلانمىسا ۋە ئۇلۇغلانمىسا، ئائىلە تەربىيەسى مۇكەممەل بولماي-
دۇ. ئاتا بولۇش بىر خىل مەردلىك ۋە جاسارەتتۇر. شۇنى چوڭ-
قۇر چۇشەنمەك كېرەككى، ئاتا ئۇچۇن پەرزەنتلىرىدىنمۇ يېقىن
كىشى يوق ۋە ئاتىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقە-
دەر يۈكسەكلىكىنى بايان قىلماق ناھايىتى قىيىن!

— چۇشەندىم، بوۋا!

— ئەمدى باشقا تۇردىكى مەسىلىلەردىن ئاڭلا! — دېدى
مۆھتەرەم بوۋاي ۋە مەسەل سۆزلەشكە باشلىدى.



# ئېيىق بىلەن مولۇن

بىر كۈنى، مولۇن ئۇۋىسىدىن ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپ، بىر توخۇنى تۇتۇۋاپتۇ. كەچ كىرىپ قالغان، ئۇۋىسىمۇ يىراق بولغاچقا، ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ دوستى ئېيىقنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن. مولۇن ئېيىقنىڭكىدە بىر كېچە قونۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.دەسلەپتە ئېيىق ماقۇل بولماپتۇ ، ئەمما مولۇن قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ئېيىق ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. مولۇن تۈن نىسپىدە ئوغرىلىقچە ئورنىدىن تۇرۇپ، توخۇنى يەۋېتىپتۇ. ئاندىن توخۇنىڭ پەيلىرىنى باشقا بىر يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ، مولۇن ئورنىدىن تۇرۇپ توخۇسىنى ئىزدىگەن بوپتۇ. توخۇ يوق، شۇ ئان ئۇن سېلىپ يىغلاپ، ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرۈپ، ئېيىقنى توخۇنى تۆلەپ بېرىشكە قىستاپتۇ. ئېيىق، دوستۇمنىڭ توخۇسى مېنىڭ ئۇۋامدا يىتىپ كەتتى، بۇنىڭدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار، دەپ ئويلاپتۇ ۋە مولۇنغا بىر توخۇ تۆلەپ بېرىپتۇ. مولۇن كۆرەڭلىگەن ھالدا توخۇنى يەپتۇ. لېكىن، ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماپتۇ .ئەتىسى، مولۇن يەنە بىر توخۇنى تۇتۇپ ئېيىقنىڭ ئۇۋىسىغا كەپتۇ، ئېيىققا ئۆزىنىڭ يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى، بىر ئاخشام قوندۇرۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېيتىپتۇ. ئېيىق ماقۇل بولماپتۇ.

— مېنىڭ ئۇۋام كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە دوستۇم قونىدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ ئۇ. ئەمما، مولۇن قايتا - قايتا يېلىنىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئېيىق ئاخىر ماقۇل بوپتۇ.

تۈن نىسپى بولغاندا، مولۇن ئوغرىلىقچە ئورنىدىن تۇرۇپ توخۇنى يەۋېتىپتۇ. ئاندىن توخۇنىڭ پەيلىرىنى باشقا يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ . ئۇ توخۇنى ئالماقچى بوپتۇ. ليكىن، نەدە توخۇ بولسۇن! ئۇ ئالىتاغىل ۋاقىراپ، ئېيىقنى توخۇنى تۆلەپ بېرىشكە قىستاپتۇ. ئېيىق ئىلاجسىز تۆلەپ بېرىپتۇ. بۇ قېتىم ئېيىقنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى، مولۇن يەنە بىر توخۇنى تۇتۇپ ئېيىقنىڭ ئۇۋىسىغا كېلىپ قونۇشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ قېتىم ئېيىق ئاسانلا ماقۇل بوپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا، ئېيىق ئاستا دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، مولۇننىڭ توخۇنى يەۋاتقانلىقىنى، يەپ بولۇپ توخۇنىڭ پەيلىرىنى باشقا بىر يەرگە كۆمۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئېيىق ھېچنىمىنى كۆرمىگەن بولۇپ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. مولۇن ئويغىنىپ، ئالدىنقى ئىككى قېتىمغا ئوخشاش ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ، ئېيىقتىن ئۆزىنىڭ توخۇسىنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئېيىق شۇئان:

— ماقۇل، ماقۇل، ئۆزۈڭ كىرىپ سېمىز توخۇلىرىمدىن بىرنى تاللىۋال ! — دەپتۇ.

مولۇن قىن - قىنىغا سىغماي، دەرھال ئۇ يەرگە كىرىپتۇ.

ئېيىق شۇئان ئىشكنى چىڭ تاقاپتۇ ـ دە، سالماق قەدەملەر بىلەن مولۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ تۇرۇپ، كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق سېپتۇ. ئېيىق مولۇنغا:

— بۇ مېنىڭ ساڭا تۆلەپ بېرىدىغان توخۇيۇم، قېنى ئالە! — دەپتۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، مولۇننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زەرب بىلەن دېرىزىدىن سىرتقا تاشلاپتۇ. مولۇن كەچكى شەپەقتە قىزىرىپ تۇرغان دالىدا ئاجىز ئىڭراپ قويۇپ، جېنىدىن ئايرىلىپتۇ.

— بوۋا، بۇ مولۇن بەك ئىنسابسىز، قانائەت دېگەننى بىلمەيدىغان نېمىكەن، شۇڭا، ئۇ ئۆز بېشىغا چىقتى، — دېدى بىلقۇتجان.

— شۇنداق، ئۇ قانائەت دېگەننى بىلمىگەچكە، ئاخىر ئۆز بېشىغا چىقتى، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — شۇنى بىلىش كېرەككى، قانائەت ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. ئەمما قانائەت قىلىش رىزىق ئىزدەش ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كەسىپ بىلەن تاپقان نەرسىگە شۈكۈر قىلىش ۋە ئارتۇقچىسىغا ئىنتىلمەسلىكتۇر. قانائەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلىدە خەسىسلىك ئوتى يالقۇنجىغان بولىدۇ. مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز بولسىمۇ، يەنىمۇ كۆپەيتىش كويىدا ھېچقاچان ھېچكىمگە، ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. باشقىلارنى بىر چىشلەم نېنىدىنمۇ بەھرىمەن قىلمايدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتىشىچە، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا داد ـ پەرياد قىلىشتىن ۋە بۇ ئىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دوست ـ دۈشمەنلىرىنى خەۋەردار قىلىشتىن كۆرە، سەۋر ۋە چىدام يولىنى ئىختىيار قىلىپ، قانائەتنى شوئار قىلىش ياخشىدۇر. سەۋەب شۇكى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوستلار كۆڭلىگە خىجالەتلىك چۈشىدۇ، دۈشمەنلەر بولسا خۇرسەن بولىدۇ. شۇڭا، چىدام يولىنى تۇتۇپ، بۇ بالادىن قانداق قۇتۇلۇش يولىنى ئويلاش كېرەك. يۇقىرىقى مەسىلىدە، مولۇن قانائەت قىلمايدىغان، ئاچ كۆز بولغاچقا، ئۆز دوستىنى بالاغا قويغىلى تاس قالدى ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىنى يېدى. شۇڭا، ھەركىم قانائەتچانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىشى كېرەك. چۈشەندىڭمۇ بالام؟

ــ چۈشەندىم، بوۋا!

ــ ئەمسە، يەنە بىر مەسىلىنى باشلاپ كەتتىم!



# ئۆلۈك هالدا دوراش

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئائىلە بار ئىكەن، بۇ ئائىلىدە ئەر - خوتۇن ۋە ئىككى بالىسى بىرگە تۇرىدىكەن. ئەر سودىگەر ئىكەن، ھەر كۈنى كەنتلەرنى ئارىلاپ ئۆي - ئۆيلەردىن شېكەر سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، سېۋەت ياكى تاغارلارغا قاچىلىغاندىن كېيىن، سىرتقى جايلارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. شېكەرلەرنى يىغىپ قاچىلىغاندا، ھەمىشە يەرگە ئاز - تولا شېكەر چېچىلىپ قالىدىكەن، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان تېجەشلىك ئايال ئىكەن، ھەر قېتىم ئېرى شېكەرلەرنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، يەرگە چېچىلىپ كەتكەن شېكەرلەرنى تېرىپ، تاغارغا قاچىلاپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قازناققا قويۇپ قويىدىكەن، لېكىن بۇنى ئېرىگە ئېيتمايدىكەن.

قىش كىرگەندە ئېرى ئىلاجىسىز سودىسىنى توختىتىپتۇ. شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا بىر قېتىم ئومۇمىي ھېسابات قىلىنىپ، بارلىق قەرز قايتۇرۇلىدىكەن، كېلەركى يىلغا قويۇپ قويۇشقا بولمايدىكەن.

بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان سودىگەرنىڭ تىجارىتى ئوڭۇشلۇق بولماپتۇ. بولۇپمۇ شېكەر قىس بولغان شۇ يىلى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەسمايىسىدىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ، خەققە قەرز بولۇپ قاپتۇ. قەرزى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈن بويى ئەلەم ئىچىدە: نەدىن پۇل تېپىپ بۇ قەرزنى قايتۇرارمەن؟ دەپ ئويلايدىكەن. كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ ھەم ھەسرەت بىلەن:

— ئازراق شېكەر قالدۇرۇپ قويغان بولساق ياخشى بولاتتىكەن، خېلى كۆپ پۇلغا سېتىپ قەرزنىمۇ قايتۇرۇۋالاتتۇقكەن. بىراق، ھازىر ئازراقمۇ شېكەر يوق، قانداق قىلارمىز؟ — دەپتۇ.

ئېرىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خوتۇنى توساتتىن يەردىن تېرىۋالغان شېكەرلەرنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ شەپە چىقارماي ئاستا مېڭىپ ئارقا تەرەپتىكى قازناققا كىرىپتۇ. تۆت كۇرە كەلگۈدەك شېكەر يىغىلغانىكەن. خوتۇنى بۇ ئىشنى ئېرىغا دەپ بېرىپتۇ. ئېرى قازناققا كىرىپ، خېلى كۆپ شېكەرنى كۆرۈپتۇ، كۆز ئالدىدا تۇرغان تۆت كۇرە شېكەرگە قاراپ خۇشاللىقىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقۇدەك بوپتۇ.

سودىگەر ئىنچىكە ئىش قىلمىدىغان، كۆ-يۇمچان خوتۇنىنىڭ ياردىمىدە زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ خەۋەر پۈتۈن كەنتكە، ھەتتا يېزا



بازىرىغا تارقىلىپتۇ.

بازاردا كىتاب ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان بىر دۇكان بار ئىكەن. دۇكاندار بۇ ئىشنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ خوتۇنمۇ ئېرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپتۇ. ئۇ ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئۇنىڭغا شۇنداق ئاسان بىلىنىپ، ئۆزىنى بىر كۆرسەتكۈسى كەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئېرىنىڭ يوق چېغىدىن پايدىلىنىپ، كىتاب، گېزىت، دەرسلىك، كالېندار قاتارلىقلارنى بىر نۇسخىدىن تىقىپ ساقلاشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇ ساقلىغان كىتاب، گېزىت قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىن ـ قىنىغا پاتمىغان هالدا ئېرىنى ئارقا هويلىدىكى قازناقــا باشلاپ بېرىپتۇ. ئېرى بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا هوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ: «سەن مېنىڭ قان ـ تەرىم بەدىلىگە تاپقان پۇلۇمغا چاقچاق قىپسەنغۇ» دەپ ناله قىپتۇ. دۆت خوتۇن باشقىلارنىڭ ئىشنى ئۆلۈك هالدا دوراپ يامان ئاقىۋەتكە قاپتۇ. گېزىت، دەرسلىك،كالېندار قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، كىم ئالىدۇ؟



ئېرى ئاچچىقىنى بېسىپ، پەسكويىغا چۈشۈپ، خوتۇنىغا مۇنداق دەپتۇ:

— باشقىلاردىن ئۆگەنگەندە كاللا

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىش لازىم. جانلىق ئۆگىنىش، ھەرگىز ئۆلۈك ھالدا دورىماسلىق كېرەك. ئۆلۈك ھالدا دوراش ناھايىتى خەتەرلىك، ئۆلۈك ھالدا ئۆگەنگەندىن ئۆگەنمىگەن ياخشى.

— بوۋا، بۇ مەسەلىنىڭ مەزمۇنى بەك ئوچۇق ئىكەن، مەن ھەممىسىنى چۈشىنىۋالدىم، يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ماقۇل بولۇپ مەسەل سۆزلەشكە باشلىدى.



# خاتالىق ھامان پاش بولىدۇ

بىر ئاق كۆڭۈل كىشى نۇرغۇن نامرات بالىنى بېقىۋاپتۇ. بىر كۈنى، ئۇنىڭ تارتمىسىدىكى پۇل يىتىپ كېتىپتۇ، كىم ئالغىنىنى بىلگىلى بولماپتۇ، ھەممە بالىلار بۇ ئىشنى ئۆزى قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇ بالىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ھەر بىرىگە بىر تالدىن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتىكى توقماقنى تارقىتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— ھەممىڭلار توقمىقىڭلارنى ئوبدان ساقلاڭلار، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسىلەر، پۇل ئوغرىلىغۇچىنىڭ توقمىقى باشقىلارنىڭ توقمىقىدىن بىر چارەك ئۇزىراپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.



پۇلنى ئوغرىلىغان بالا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، توقمىقىنى بىر چارەك كېسىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى بالىلار توقماقلىرىنى

ئەكىلىپ تاپشۇرۇپتۇ. كىمنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكى شۇئان ئاشكارا بوپتۇ.چۈنكى، ئوغرىنىڭ توقمىقى بىر چارەك قىسقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئوغرىلىق قىلماسلىق نىيىتىگە كەپتۇ.

بۇ مەسەل بىلقۇتجانغا شۇنداق قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىق مەسەللەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، يەنە مەسەل ئېيتىشقا باشلىدى.



# جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى

ئىككى ئاتلىق چۆل ـ باياندا كېتىپ باراتتى. ئۇلاردىن بىرى ئەما ئىدى، كەچ كىرگەندە، قولايراق بىر جايدا توختاپ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەر يەنە يولغا ئاتلاندى. ئەما كىشى قامچىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىر يىلان بىر بۇلۇڭدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھېلىقى ئەما كىشى قامچا دەپ قېلىپ، ئۇنى قولىغا ئالدى. كۆزى ساق ئادەم شېرىكىنىڭ قولىدىكى يىلاننى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ھەي بۇرادەر، قولۇڭدىكىسى قامچا ئەمەس، زەھەرلىك يىلان، تېز تاشلا. بولمىسا سېنى چېقىپ ھالاك قىلىدۇ، — دېدى. ئەما كىشى: شېرىكىم بۇ يۇمشاققىنا قامچىنى ئۆزى ئالماقچى بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماي:

— بۇ بەخت ـ دۆلەت ئىشى، مەن كونا قامچامنى يىتتۈرۈۋەتكەن ئىدىم. تەلىيىم ئۇڭ كېلىپ، بىر يۇمشاققىنا قامچىغا ئىگە بولدۇم. سېنىڭ ئەپسانە سۆزۈڭگە ئىشىنىپ، بۇ يۇمشاق قامچامدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، — دېدى.

— ھەي دوستۇم، ھەمراھلىق ھەققىگە رىئايە قىلىپ سېنى ئاگاھلاندۇردۇم، — دېدى ھەمراھى كۆلۈپ كېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەما كىشى پىكرىدىن يانمىدى، بەلكى شېرىكىنىڭ غەرەزسىز هالدا كۆيۈنۈپ دېگەن ئاقىلانە سۆزىدىن ئاچچىقى كەلدى.

— بىلىمەن، قامچامغا ھەۋىسىڭ كېلىپ، مەندىن ئېلىۋالماقچىسەن، سېنىڭ سۆزۈڭگە ئالدانمايمەن. خام خىيالىڭنى قوي، قۇرۇق گەپ قىلىپ يۈرمە، — دېدى.

ھەمراھى يەنە قەسەم ئىچىپ راست دەۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىمۇ، جاھىل ئەما كىشى ئەسلا قوبۇل قىلمىدى. كۈن ئىسسىپ بەدىنىگە قۇياش نۇرى تەسىر قىلغاندىن كېيىن، يىلان ئۆزىنى رۇسلاپ ئەما كىشىنىڭ قولىنى چاقتى. ئۇنىڭ زەھىرى تەسىر قىلىپ، ئەما كىشى جان بەردى.

شۇنداق قىلىپ، جاھىللىق ۋە نەپسى كورنىڭ كۆڭۈل كۆزىنىمۇ ئاجىز قىلىپ، ئۇنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى.

— بوۋا، مەن جاھىللارنى كۆپ كۆرگەن، ئۇلار يەنە داۋاملىق جاھىللىق قىلىۋەرسە، مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەتكە قالۇرمۇ؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجان.

— خەلقىمىزدە: «ھەر ئىشنىڭ ھەددى ياخشى» دېگەن ھېكمەت بار، — دەپ چۈشەندۈردى مۆھتەرەم بوۋاي، — ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە ھامان زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، جاھىللىقمۇ شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىپ ئىش قىلىش، ھەرگىزمۇ ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىك كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، خاتىرجەم، بەختلىك ھايات كەچۈرگىلى بولىدۇ.

# يولۋاس بالىسى

قەدىمدە بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، بۇ، ئاجايىپ خۇش هاۋالىق، تاغلىرى ناهايىتى گۈزەل، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى هەر تەرەپتىن ئېقىپ تۇرىدىغان، جان بېغىشلىغۇچى شاماللىرى هەر تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بىر ماكان ئىكەن.

ناهايىتى گۈزەل ۋە پاكىز بۇ جاينى شادلىق تېغى دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ تاغنىڭ پادشاهى بىر يولۋاس بولۇپ، ئۇنىڭ هەيۋىتىدىن قورقۇپ يۈرەكلىك شىرلارمۇ ئۇ تەرەپكە قەدەم قويالمايدىكەن، ئۇنىڭ سالاپىتىدىن ئۈركۈپ ياۋايى هايۋانلار ۋە چەرەندىلەرمۇ ئۇ تاغدا ياشاش خىيالىنى كۆڭلىگە كەلتۈرەلمەيدىكەن.

ئۇ يولۋاس شۇ تاغدىكى جانىۋارلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىر بالىسى بار بولۇپ، پۈتۈن ئالەمنىڭ روشەنلىكىنى بالىسىنىڭ جامالىدىن، كۆزىنىڭ يورۇقلۇقىنى بالىسىنىڭ دىدارىغا قارىغانلىقتىن دەپ ئويلايدىكەن. ئۇ: «بالام كامالغا يېتىپ، ئاغزى ۋە چاڭگىلىنى پەرەندە ۋە چەرەندىلەرنىڭ قېنىغا بويىيالىسا، بۇ تاغنىڭ سەردارلىقىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ، قالغان ئۆمرۈمنى قانائەت ئۆيىدە پاراغەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uygharkitap.com



ئۆتكۈزسەم» دېگەنلەرنى ئۈمىد قىلىدىكەن. تېخى ئۇنىڭ خىياللىرىدىن مۇراد مېۋىسىنىڭ چېچىكى ئېچىلماي تۇرۇپ، هايات بېغىنىڭ مېۋىلىرىنى ئەجەل بولاڭچىسى خازان قىپتۇ. يەنى بۇ يولۋاس ئەجەل شىرىنىڭ چاڭگىلىغا گىرىپتار بوپتۇ.

بۇرۇندىن تارتىپ بۇ تاغنى ئارزۇلايدىغان ياۋايى هايۋانلارنىڭ هەممىسى ئۇ تاغنى ئىگىلەشكە قەست قىلىشىپتۇ. يولۋاس بالىسى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، تاغنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋايى هايۋانلار ئارىسىدا چوڭ ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانخور بىر شىر بار ئىكەن. ئۇ هەممىسىدىن غالىب كېلىپ، شادلىق تېغىنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپتۇ. يولۋاس بالىسى بولسا بىر نەچچە كۈن تاغلار ۋە باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، باشقا بىر تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە تاغدىكىلەرگە كۆڭلىدىكى خاپىچىلىقلارنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىن بۇ ئىش خۇسۇسىدا مەدەت تىلەپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۇ تاغدا چوڭ قېرى شىرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، يولۋاس بالىسىغا مەدەت بېرىشنى ماقۇل كۆرۈشمەپتۇ.

— هەي بىچارە، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — سېنىڭ ماكانىڭنى بىر شىر تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپ بوپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچىدىن ئۇ تاغ ئۈستىدىن قۇشمۇ ئۇچالمايدۇ. هەيۋىتىدىن قورقۇپ ئۇ تاغ قېشىغا پىلمۇ بارالمايدۇ. بىزدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك قۇۋۋەت يوق. سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ جەڭ قىلالمايسەن. بىز كۆڭلىمىزدە مۇنداق مەسلىهەتنى ماقۇل كۆردۇق: سەن ئۇنىڭ دەرگاهىغا قايتىپ بېرىپ، ئىخلاس بىلەن

ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن. ئەگەر بىر كىمنىڭ جەڭ قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، خىزمەت قىلغىنى ياخشى. دېمەك، سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلغىن.

يولۋاس بالىسى شىرنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ــ دە، ئۆز دىيارىغا قايتىپ كېلىپ، يېقىنلىرىدىن بىرىنى ۋاستە قىلىپ شىرنىڭ خىزمىتىگە كىرىپتۇ. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ خىزمەتكارلىق ئېتىكىنى ساداقەت بېلىگە شۇنداق مەھكەم قىستۇرۇپتۇكى، شىرنىڭ ھۇزۇرىدىن بىر سائەتمۇ يىراق كەتمەيدىكەن ھەمدە ئۇنىڭ خىزمىتىدىن بىر پەسمۇ غاپىل قالمايدىكەن. ئۇ ئىش ئۆگىنىشكە بەكمۇ تىرىشىدىكەن. نەتىجىدە شىر بارغانسېرى ئۇنىڭغا زىيادە ئىلتىپات قىلىدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىرغا يىراق بىر تاغقا زۆرۈر بىر ئىش ئۈچۈن بېرىپ كېلىشكە توغرا كەپتۇ. شۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن، يەر ۋە ئاسمان تونۇردەك تاۋلىنىپ تۇرغان، تاغ ۋە دالا شېشىگەرنىڭ كورىسىدەك قىزىغان، ھارارەتنىڭ كۈچىدىن جانىۋارلارنىڭ ئۇستىخىنى ئىچىدىكى يىلىكىمۇ قايناپ كەتكەن، دەريا ئىچىدىكى سەرتانلارمۇ خۇددى قازاندىكى بېلىقتەك قورۇلۇپ كەتكەنىكەن.

شىر ئۆزىچە ئويلاپ قاپتۇ: بۇنداق قىزىغان ھاۋادا، دەريا تېگىدىكى گۆھەرلەرمۇ سەدەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ

سايىداۋاتقاندۇ، ھەتتا سەمەندەرمۇ ئىسسىقنىڭ قورقۇنچىدىن سىرتقا چىقالماي ئوتنىڭ ئىچىدە ياتقاندۇ؟ مۇشۇنداق بىر چاغدا بۇ ئىشنىڭ چىقىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. مۇلازىملىرىمدىن قايسىسى بېرىپ ئىشىمنى ئورۇنداپ كېلەلەر؟ شۇ ئەسنادا يولۋاس بالىسى مۇلازىملارنىڭ سېپىگە كىرىپ، شىرنىڭ خىيال سورۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇقۇپ، ئاشۇ مۇھىم ئىشنى ئورۇنلاپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، بارلىق مۇلازىملار بىلەن يولغا چىقىپ، چوش ۋاقتى بىلەن ئۇ تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئىشنى پۈتكۈزۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا قايتماقچى بولغىنىكەن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ئەرز قىلىشىپتۇ:

— بۇنداق قاتتىق ئىسسىقتا ھېلىمۇ شۇنچە كۆپ يول باستۇق. خۇداغا شۈكۈر، ئىشىمىز پۈتتى. سىزنىڭ پادىشاھقا ھەممىدىن بەك يېقىن ئىكەنلىكىڭىز بىزگە مەلۇم. بىرەر سائەت سايىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرسىڭىز نېمە بولىدۇ؟

— مېنى پادىشاھقا يېقىن قىلغىنى مېنىڭ پادىشاھنىڭ قېشىدا كۆتۈرگەن تىرىشچانلىق بايرىقىمدۇر، — دەپتۇ يولۋاس بالىسى كۈلۈپ، — شۇڭا سۇسلۇق ۋە بوشاڭلىق بىلەن بۇ بايراقنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەگەر كىشىنىڭ سەل - پەل ئەقىل - ھوشى بولىدىغان بولسا، مۇشەققەت بىلەن پۈتكۈزگەن ئىمارىتىنى بىپەرۋالىق بىلەن

بەربات، ئاسانلىق بىلەن ۋەيران قىلمايدۇ. بىلمەك كېرەككى، رەنج - مۇشەققەتكە چىدام بەرمەي تۇرۇپ، زەر - گۆھەر خەزىنىسىگە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس، تىكەن جاپاسىنى چەكمەي تۇرۇپ، گۈلزار تاماشاسى قىلماق ئاسانغا چۈشمەس.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەپەردىن يېنىپ، شىرنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، يولۋاس بالىسىنىڭ ناھايىتى تىرىشچانلىقىنى، ئىشقا ئالدىراپ راھەت - پاراغەتتىن كەچكەنلىكىنى مۇلازىملار شىرغا بىر - بىرلەپ يەتكۈزۈپتۇ. شىر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ:

— يولباشچىلىق ۋە پادشاھلىق دېگەن نام مۇشۇنداق ئۆز خاتىرجەملىكىنى ئۇنتۇپ، پۇقرالىرىنى خاتىرجەم قىلالايدىغان كىشىگە يارىشىدۇ، — دەپتۇ - دە، يولۋاس بالىسىنى قېشىغا چاقىرىپ، ئىززەت - ئىكرام ئەيلەپ، شادلىق تېغىنىڭ سەرداრلىقىنى بېرىپتۇ ھەمدە ئامانەتنى قولىغا تاپشۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ مەسەلنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— بۇ مەسەلدە تىرىشچانلىق ۋە غەيرەتتىن ئىبارەت ياخشى خۇيغا مەدھىيە ئوقۇلغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت دەپ ئۈستىگە يۈكلەنگەن خىزمەتلەرنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئادا قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەقىل يۈزىسىدىن قارىغاندا ھورۇنلۇق قىلىپ، ئىشلىمەي بىكار يۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقى بىزنى تىرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ. ئىش خۇشياقماسلىق ئىنساننى ھەرقاچان خار ۋە تەمە بالاسىغا گىرىپتار قىلىدۇ. بىرەر ئىشقا مەشغۇل

بولغان كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەي قالىدۇ، ھورۇن كىشىلەر ئۈچۈن بىر ەر سائەتنى ئۆتكۈزۈش قىيامەتتىن قىيىندۇر. يولۋاس بالىسى تىرىشچانلىقنى ئۆزىگە يار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتەلىدى. بۇ ھەقىقەتنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

بىلقۇتجان بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۇردى. مۆھتەرەم بوۋاي ئەڭ ئاخىرقى مەسىلىنى ئېيتىشقا باشلىدى.



# بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس

ئۇزاق زامان ئىلگىرى يىراق بىر ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەنىكەن. بىر يىلى بۇ يۇرتتا قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىپتۇ، ئۈچ ئايغىچە يامغۇر ياغماپتۇ. ئاشۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئاخىرى قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن قاتتىق ئىشلەپ يەتتە غۇلاچ قۇدۇق قازغان بولسىمۇ، سۇ چىقماپتۇ. بۇ چاغدا چوڭ ئاكىسى ئالىقىنىدىكى قاپارتمىلارغا قاراپ:

— بۇ قۇدۇقتىن سۇ چىقىپ قالسا، سۇنى ئۆزۈم تەقسىم قىلىمەن، چۈنكى قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىش چارىسىنى سىلەرگە مەن كۆرسەتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇدۇقنى قېزىشقا مەن سىلەردىن كۆپ كۈچ چىقاردىم، — دەپ قاپىرىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كەنجى ئىنىسى ئالدىراپ ـ تېنەپ ۋارقىراپ:

— ياق، بۇ ئەقىلنى سىلەرگە مەن كۆرسەتكەن، مەن كىچىك بولساممۇ سىلەردىن قالماي ئىشلىدىم، شۇڭا سۇنى مەن تەقسىم قىلىمەن ! — دەپ ئۇمۇ قاپىرىپ قاناپ كەتكەن ئالىقىنىنى كۆرسىتىپتۇ. ئوتتۇرانچىسى غىڭ ـ پىڭ قىلماپتۇ ـ يۇ، لېكىن ئىچىدە: ئاكام بىلەن ئىنىم ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uygharkitap.com



بىلەن بىللە ئىشلەپ نەپ ئالالمىغۇدەكمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى باشقا بىر جاينى تېپىپ ئۆزى يالغۇز قۇدۇق قېزىشقا باشلاپتۇ.

كەنجىسىمۇ چوڭ ئاكىسى بىلەن بىر كۈن بىللە ئىشلەپ ھېرىپ ھالى قالماپتۇ. ئۇمۇ كۆڭلىدە: ئاكامنىڭ يېشى چوڭ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايمەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى ئۇمۇ ئايرىم بىر قۇدۇق قېزىشقا كىرىشىپتۇ.

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىشلەپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى قۇدۇقتىن سۇ چىقىرالماي، ئۈچىلىسى ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن ئۆلۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر:

— بىرلىك بولمىسا تىرىكلىك بولمايدىكەن، — دېيىشىپ، ئۆز ئارا بىرلىشىپ، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا قېزىپ سۇ چىقىرالمىغان قۇدۇقلارنى قېزىپ سۇ چىقىرىپتۇ ھەم شۇنىڭدىن كېيىن يۇرت ئىچىدىكى كىشىلەر بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ياشاپ ئۆتۈپتۇ. كېيىنكىلەرگە ئىبرەت ئۈچۈن: «بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇپتۇ.

— مەن بۇنىڭدىن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم، — دېدى بىلقۇتجان ھاياجان بىلەن.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ھەممە ئىشتا ئالغا بېسىشنىڭ ئاساسى، جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلەتتىدىغان مەنىۋى كۈچتىن

ئىبارەت. پەقەت بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا تىرىكلىكنى نورمال داۋام ئەتتۈرگىلى، جەمئىيەتنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنە «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دېگەن ھېكمەت بار، بىرلىككە كېلىپ تەڭ كۈچ چىقارغاندىلا، غايەت زور قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يەڭگىلى، كۈچنىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، مۇشكۇللۇكلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورتاق ئىشلەش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە «بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئىشلەش» دېگەن سۆز دائىم قوللىنىلىدۇ. دېمەك ئورتاق كۈچ چىقارغاندىلا، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق قالمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار مەسەللىرى
تۈزگۈچى: شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن
خەتتات: ئىرشات ئىزىز
رەسسام: مەخمۇتجان تۇردىنىياز
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇاڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2011 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

## بىلقۇت باللار مەسەللىرى




# ئېيىق بىلەن مولۇن

**Eyiq Bilen Molun** 熊与狸猫


01. مايمۇن بىلەن تاشپاقا
02. قۇشقاچ بىلەن يىلان
03. توشقاننىڭ قايغۇسى
04. توز بىلەن قىرغاۋۇل
05. ئېيىق بىلەن مولۇن
06. تومۇچۇق بىلەن توز
07. ھەسەتخور بۈركۈت
08. قۇشقاچ بىلەن تۇرنا
09. توشقان بىلەن پىللار
10. تىمساھنىڭ كۆز يېشى
11. چېقىمچى قۇشقاچ
12. قىزغانچۇق چۈجە
13. يولۇچى ۋە ئات
14. بېغەم چاشقان
15. ئۈچ بېلىق
16. ئالتۇن قۇش
17. ئەخمەق ئات
18. ئالدىراڭغۇ كەپتەر
19. تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى
20. غەيرەتلىك چۈمۈلە
21. تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى
22. تۇرنىنىڭ مېھمان چاقىرىشى
23. ھەددىنى بىلمىگەن پاقا
24. قۇشقاچ بىلەن قارلىغاچ
25. سۇ قۇشى بىلەن تاشپاقا
26. كەكلىك بىلەن قارچىغا
27. يولۋاس بىلەن مايمۇن
28. شىر پادىشاھ ۋە چىلبۆرە
29. مۇشۇكياپىلاقنىڭ باللىرى
30. قۇشلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى


ISBN 978-7-900511-66-9

9 787900 511669

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）